www.kitaphumar.com

# مەسئۇد سابىرىنىڭ قىسقىچە ھاياتى

## پۈتۈن ئۆمرىنى نابۇت قىلغان خاتا تاللاش

لىيۇ شاڭخۇي          چېن ۋۇگۇۋ

مەسئۇد مىنگو دەۋرىدە شىنجاڭدا ئۆتكەن ئالاھىدە شەخس. ئۆسمۈرلۈك چاغلىرىدا ئۇ ناھايىتى زېرەك بولۇپ نۇرغۇن نەرسىلەرنى ئۆگەنگەن بولسىمۇ، ئەمما قابىلىيىتىنى ۋەتەن، مىللەت ئۈچۈن ئىشلەتمەي، سىرتتىن كىرگەن «پانتۈركىزم» گە مەھلىيا بولۇپ قېلىپ، «شەرقى تۈركىستان» قۇرۇش نىيىتىدىن بىر ئۆمۈر يانمىدى. مۇشۇنداق بىر ئۆمۈر شىنجاڭنى مۇستەقىل قىلىش كويىدا يۈرگەن ئادەم گومىنداڭ پارتىيىسىنىڭ يۇقىرى قاتلىمىدا ھوقۇق تۇتۇپ گومىنداڭ پارتىيىسى مەركىزى كومىتېتىنىڭ ئەزاسى بولدى. مەسئۇد شىنجاڭدا ئەزەلدىن زادىلا ۋەزىپە ئۆتەپ باقمىغان بولسىمۇ بىراقلا مەرتىۋىگە ئېرىشىپ، شىنجاڭنىڭ مەمۇرىي تەپتىشلىكىگە تەيىنلىنىپ، شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ رەئىسلىك ئورنىغا چىقىپ، مىنگو دەۋرىدىكى شىنجاڭدا ئەڭ ئالى ۋەزىپە ئۆتىگەن ئۇيغۇر بولۇپ قالدى. ئەمما ئالىي ۋەزىپە ئۆتىگەن بىلەن شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىگە بەخت ئېلىپ كەلمەي، ئەكسىچە كۆپ ساندىكى قېرىنداشلىرىنىڭ قاتتىق قارشىلىقىغا ئۇچراپ، شىنجاڭدا تېخىمۇ چوڭقۇر سىياسىي كرىزىس پەيدا قىلىپ، ئەڭ ئاخىرىدا گومىنداڭ پارتىيىسى بەرگەن ھوقۇقتىنمۇ ۋاز كەچتى...



مەسئۇد ئەسلىدە ئاتاقلىق دوختۇر ياكى يېتۈك ئالىم، مائارىپچى بولالايتتى. شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ رەئىسى بولغاندىن كېيىن، ئۆزىنىڭ خىزمەت ھوقۇقىدىكى تەسىرىدىن پايدىلىنىپ شىنجاڭنى قۇرۇش، تەرەققىي قىلدۇرۇش داۋامىدا ھەر مىللەت ئاممىسىغا زور بەخت ئاتا قىلالايتتى. ئەمما ئۇ پۈتۈن ئۆمرىدە كىشىنى خۇشال قىلغۇدەك ھېچقانداق ئىش قىلالمىدى. ئۇنىڭ تراگېدىيىلىك ھاياتىغا دەل ئۇنىڭ خاتا تاللىشى سەۋەب بولدى.

## ئائىلە ۋە تەربىيىلىنىش مۇھىتى سەۋەبىدىن ئۇ تۈيۈق يولغا كىرىپ قالدى

ئۆزگىچە ئائىلە ۋە تەربىيىلىنىش مۇھىتى مەسئۇددا پانتۈركىزم ئىدىيىسىنىڭ پەيدا بولۇشىغا سەۋەب بولدى. مەسئۇد سابىرى - ئۇيغۇر، 1886 - يىلى تۇغۇلغان. ئۇنىڭ دادىسى - باھاۋۇدىن ھۇسەن باي ھاجىنىڭ كىچىك ئوغلى ئىدى. ھۇسەن باي شىنجاڭدىكى ئاتاقلىق باي سودىگەر ۋە پومېشچىك بولۇپ ئەسلى ئاتۇشلۇق كاتتا باي ئىدى. ئۇنىڭ غۇلجىدىمۇ نۇرغۇن مال-مۈلۈكى بولۇپ، بىر چوڭ دۇكان ۋە «زامانىۋى» خۇرۇم ئىشلەش زاۋۇتى قۇرغان ئىدى. 1908 - يىلدىن بۇرۇن ئۇنىڭ پائالىيەت مەركىزى ئاتۇشتا بولۇپ، كېيىن گۈزەل شەھەر غۇلجىغا كەلدى،

مال-مۈلۈكى ۋە جەمەتىنىمۇ ئاستا-ئاستا غۇلجىغا يۆتكىدى، ئائىلە ئەزالىرى ئىككى جاي ئارىسىدا قاتراپ يۈردى.

ھۈسەن باي تىجارەت بىلەن ياۋروپاغا كۆپ قېتىم بېرىپ پارىژ، بېرلىن، موسكۋا، ئىستانبۇل قاتارلىق جايلارنى ئايلاندى. دىنىنىڭ تەسىرى تۈپەيلىدىن ئىستانبۇلغا نىسبەتەن چوڭقۇر مۇھەببەت قوزغالدى. ئەينى ۋاقىتتىكى ئوسمان ئىمپېرىيىسىنى مەنبە قىلىپ تارقالغان پانتۈركىزم، پانئىسلامىزم ئەۋج ئالغان مەزگىلدە ھۈسەن باي كۈچلۈك تەسىرگە ئۇچرىغان ھەمدە پانتۈركىزم سىرتقا تەشۋىق قىلىشنى پائال قۇۋۋەتلىگۈچى تەشكىلات-«بېرلىككە كېلىش ۋە ئالغا بېسىش پارتىيىسى » (ياۋروپادا ياش تۈركلەر پارتىيىسى دەپ ئاتاشقا ئادەتلەنگەن) نىڭ مۇھىم خادىمى مەھەممەد تارات بىلەن تونۇشتى. بۇ ۋاقىتتا تارات مەخسۇس «پانتۈركىزم، پانئىسلامىزم» ئىدىيىسىنى پۈتۈن كۈچى بىلەن سىرتقا تەشۋىق قىلىدىغان بىر مەخپىي تەشكىلاتقا رەھبەرلىك قىلىۋاتقان بولۇپ، تەبىئىيكى ئالدىغا كەلگەن ئادەمنى كۆرگەندە پۇرسەتنى قولدىن بەرمەيتتى. نەتىجىدە ھۈسەن باي ناھايىتى تېزلا تالاتقا ئالدىنىپ، ئۆزى تاراتنىڭ قەلب قەسرىنىڭ مالىيى بولۇپلا قالماستىن، يەنە بۇ ئىدىيىنى دۆلەت ئىچىگە تارقاتتى ھەمدە ئۆزىنىڭ باي سودىگەر ئاغىنىلىرىگە پائال تونۇشتۇردى، ئۇلارنى ئىستانبۇلغا باشلاپ كېلىپ تارات بىلەن كۆرۈشتۈردى، بۇنىڭ بىلەن ئىككى تەرەپنىڭ مۇناسىۋىتى قويۇقلاشتى. 1913 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا بەزى قەشقەرلىك ھاجىلار ۋە ئۇلارنىڭ جەمەتىدىن ئوبۇل ھەسەن قاتارلىقلار ھۈسەن باينىڭ يېتەكچىلىكىدە تارات بىلەن ئايرىم-ئايرىم تونۇشتى. ئەينى ۋاقىتتا تارات رەھبەرلىكىدىكى مەخپىي تەشكىلات «پانتۈركىزم، پانئىسلامىزم» ئىدىيىسى ئۈچۈن خېرىدار ئىزلەۋاتقاچقا جۇڭگو شىنجاڭدىن كەلگەن بۇ زىيارەتچىلەرگە قىزغىن مۇئامىلىدە بولغان ئىدى.

تارات بۇلارنى ئۆزى قوبۇل قىلىپلا قالماستىن يەنە ئۇلارنى ئىستانبۇلدا ئوقۇۋاتقان شىنجاڭلىق ئوقۇغۇچىلار بىلەن كۆرۈشۈشكە ئورۇنلاشتۇردى، بالقان ئۇرۇشىدا ئاتالمىش «تۈركلەرنى قەستەن ھالاك قىلغان دۈشمەنلەرنىڭ ياۋۇزلۇقى»نى ئەكس ئەتتۈرىدىغان خارابلىق-لارنى ئېكسكۇرسىيە قىلىشقا باشلاپ باردى ھەمدە بۇ خارابىلىكلەرگە

بىرلەشتۈرۈپ ئۇلارغا تەلەم ـ تەربىيە ئىشلىدى. بارلىق تۈرك تىلىدىكى مىللەتلەرنىڭ بىرلىششىنى كۈچەپ تەرغىپ قىلىپ، مىللىي ئىتتىپاق تەشكىللەپ، ئوسمان ئىمپېرىيىسىنىڭ ئىلگىرىكى زورايغان ۋە گۈللەنگەن ھالىتىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشتىن ئىبارەت «پانتۈركىزىم، پانئىسلامىزىم» ئىدىيىسىنى تەشەببۇس قىلدى. نەتىجىدە بۇلار ئۇخشىمىغان دەرىجىدە تەسىرگە ئۇچرىدى. بولۇپمۇ ھۈسەن باينىڭ ئىنىسى ھەسەن شۇ مەيداندىلا تاراتنىڭ تەشۋىقاتىنى ماختاپ قالماستىن يەنە تاراتتىن تەشكىلاتىدىن مەخسۇس خادىم ئاجرىتىپ يىراق جۇڭگو شىنجاڭدا مەكتەپ ئېچىش، دەرس ئۆتۈش تەلىپى ۋە ئۈمىدىنى ئوتتۇرىغا قويدى.

تارات تەشۋىقاتلىرىنىڭ ئۈنۈم بەرگەنلىكىدىن خۇشال بولۇپ، نەق مەيداندا ئىپادە بىلدۈرۈپ، «ياش تۈركلەر پارتىيىسى» دە خىزمەت قىلىۋاتقان «پانتۈركىزىم، پانئىسلامىزىم» تەرغىباتچىلىرىدىن ئەخمەت كامالنى جۇڭگو شىنجاڭدا خىزمەت قىلىشقا ئورۇنلاشتۇردى.

كامال شىنجاڭغا كەلگەندە مەسئۇدنىڭ دادىسى، ھۈسەن باينىڭ ئىنىسى باھاۋۇد باينىڭ قىزغىن كۆتۈۋېلىشىغا سازاۋەر بولدى. ئۇ ئاتۇش، قەشقەر قاتارلىق جايلاردىكى باي سودىگەرلەر بىلەن پائال ئالاقىلەشتى، پۇل ۋە نەرسە ـ كېرەك چىقىرىپ، قەشقەردە مەكتەپ قۇرۇشنى باشلىدى. كامال ئوقۇتۇش داۋامىدا يەرلىك مۇسۇلمان باللارغا ئوسمان تۈركلىرى خەلىپەسىنى مەنۇي ئاتا قىلىش بويىچە تەربىيە بەردى. بۇنىڭدىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ھۈسەن باي جەمەتى «پانتۈركىزىم، پانئىسلامىزىم» ئىدىيىسىنى تەشەببۇسكارلىق بىلەن قوبۇل قىلغان ھەم شىنجاڭغا تارقاتقان. مەسئۇد مۇشۇنداق بىر جەمەت ئىچىدە چوڭ بولغان ئىدى.

مەسئۇدنىڭ ئائىلىسى باي بولغاچقا، جەمەتىدىكىلەرنىڭ كۆپىنچىسى چەتئەلدە ئوقۇدى ۋە تىجارەت قىلدى، ياۋروپا، ئاسىيالارغا باردى. بۇنىڭ بىلەن تەبىئىيلا مائارىپقا ئەھمىيەت بېرىشتەك ئەنئەنە شەكىللەندى. ئۇلار 1904 ـ يىلى 18 ياشقا كىرگەن مەسئۇدنى ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان شىنجاڭنىڭ دىنى ۋە سودا ساھەسىدىكى يۇقىرى قاتلاملىق زاتلار ئىنتىلىدىغان ئوسمان تۈركلىرىنىڭ پايتەختى ئىستانبۇلغا ئوقۇشقا ئاپىرىپ بەردى.

مەسئۇد ئاۋۋال ئىستانبۇلدىكى مەيدىئەي ئوتتۇرا مەكتىپىدە ئوقۇدى.

بىر يىلدىن كېيىن بىر ئوفىتسېرلار مەكتىپىنىڭ مەخسۇس سىنىپىغا ئوقۇشقا كىردى. ئۈچ يىلدىن كېيىن ئالى دەرىجىلىك ئوتتۇرا مەكتەپ دىپلومى بىلەن ئىمتىھان ئارقىلىق ئۇزاق تارىخقا ئىگە ئىستانبۇل ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ تەبىئىي پەنلەر فاكۇلتېتىغا ئوقۇشقا كىردى. 2- مەۋسۇملۇق ئوقۇش ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، ئۇ يەنە ھەيدەر پاشا ئۇنىۋېرسىتېتى تىببىي ئىنستىتۇتىنىڭ ئىمتىھانىغا تىزىملىتىپ، بىرلا ۋاقىتتا ئىككى خىل ئىلىم بويىچە ئوقۇشنى داۋاملاشتۇردى.

بىر يىل ئۆتكەندىن كېيىن، مەسئۇد ئىستانبۇل ئۇنىۋېرسىتېتى تەبىئىي پەنلەر فاكۇلتېتىنىڭ دىپلومىنى ئالدى. كېيىن تۆت يېرىم يىل تىرىشىپ ئوقۇش ئارقىلىق ھەيدەر پاشا ئۇنىۋېرسىتېتىنى پۈتتۈرۈپ، تىببىي پەنلەر بويىچە دىپلوم ئالدى. تۈركىيەدە ئوقۇۋاتقان مەزگىلدە مەسئۇد ئىنتايىن تىرىشىپ ئوقۇدى، يەنە كېلىپ زېھنى بەك ئۆتكۈر بولغاچقا، بىرلا ۋاقىتتا ناھايىتى ئوڭايلا ئىككى خىل پەندە ئوقۇپ، مەكتەپ ئۇنىڭغا «ئەخلاق ۋە ئۆگىنىشتە مۇنەۋۋەر ئوقۇغۇچى» دەپ نام بەردى. بۇ ۋاقىتتا مەسئۇد 29 ياشقا كىرگەن بولۇپ، ئۇنىڭ تۈركىيەدە تۇرىۋاتقىنىغا توپ-توغرا 11 يىل بولغان ئىدى.

مەسئۇد ئىستانبۇلدا ئوقۇغان مەزگىل دەل ياۋروپالىقلار «قانخور سۇلتان» دەپ نام بەرگەن ئابدۇللا ھەمىد (ئوسمان تۈركلىرىنىڭ دىن بىلەن سىياسىينى بىرلەشتۈرگەن باشلىقى، ھۆكۈمەت باشلىقى"سۇلتان" دەپ ئاتالغان، دىنىي داھىي "خەلىپە" دەپ ئاتالغان، 1876-يىلدىن 1909-يىلغىچە تەختتە ئولتۇرغان) ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەن دەۋر ئىدى. ھەمىد II زاۋاللىقتىن ئۆزىنى قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن، 19- ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدىن باشلاپ پانئىسلامىزمنى تەشەببۇس قىلىپ، ئۆزى قوشۇمچە ئۆتۈۋاتقان دىنى ۋەزىپە - خەلىپىلىكنى پۈتۈن دۇنياغا كېڭەيتىپ، ئىسلام دۇنياسىنىڭ «ھۆكۈمرانلىق بوشلۇقى» نى تولدۇرۇش خىيالىدا بولدى. ئىسلام دىنىنىڭ ھۆكۈمرانلىق ئورنىنى كۈچەيتىش ئۈچۈن ئۇ دۆلەت ئىچىدە دۇنيا ئىسلام دىنى ئىتتىپاقىنى تەشكىللەپ، ھەدەپ «پانئىسلامىزم» تەسىرىنى كېڭەيتىپ، غەيرى ئىسلام مىللەتلىرىنى ۋەھشىيلەرچە قىردى. پەقەت 1894- يىلىلا 60 مىڭدىن ئارتۇق خرىستىئان دىنىغا ئېتىقاد قىلغۇچى ئەرمېنىيەلىك ئۆلتۈرۈلۈپ، 3000 دىن

ئارتۇق كەنت كۆيدۈرۈلۈپ دۆلەت ئىچىدە بىر قورقۇنچلۇق ۋەھىمە پەيدا قىلدى.

1909 ـ يىلى «ياش تۈركلەر پارتىيىسى» ھاكىمىيەت ئورنىغا چىقتى، مەزكۇر تەشكىلاتتىكى تەدبىرچى ئەنۋەل «پانتۈركىزم» نى دۆلەت سىياستى سۈپىتىدە يولغا قويۇپ، ئاسىيانى تۈركى تىلىدا سۆزلىشىدىغان مىللەتلەرنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدىكى دۆلەتكە ئايلاندۇرۇشقا ئۇرۇندى. بىر مەزگىل ئىمپېرىيە ئىچىدە پانتۈركىزمنى تەرغىب قىلىدىغان گېزىت، ژۇرنال، كىتابلار يامراپ، كىشىلەرنىڭ كۆزلىرىنى ئالىچەكمەن قىلىۋەتتى. بۇ تەشۋىقات بۇيۇملىرىدا شىنجاڭنىمۇ ئۆزلىرىنىڭ خىيالىدىكى تەسىر دائىرىگە كىرگۈزدى. بۇ مەقسەتكە يېتىش ئۈچۈن ئۇلار 1 ـ دۇنيا ئۇرۇشىدا گېرمانىيە بىلەن ئىتتىپاقداش بولۇپ، گېرمانىيەنىڭ كۈچىدىن پايدىلىنىپ پانتۈركىزمنى كېڭەيتتى. ئۇرۇش مەزگىلىدە ئوسمان ئىمپېرىيىسى رۇسىيە بىلەن ئۇرۇشۇشتىن ساقلىنالمىدى. «ياش تۈركلەر پارتىيىسى» نىڭ پانتۈركىزمنى تەشۋىق قىلىش ھەرىكىتىمۇ ئۆزلۈكسىز يۇقىرى دولقۇنغا كۆتۈرۈلدى. 1915 ـ يىلى ئوسمان ئىمپېرىيىسىنىڭ ئىچىدە 1 مىليوندىن ئارتۇق خرىستىئان دىنىغا ئېتىقاد قىلغۇچى ئەرمېنىيەلىك ئارمىيە ۋە ساقچىلار تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلۈپ، خانىۋەيران بولدى، شۇنىڭ بىلەن ئۇلار قېچىشقا مەجبۇر بولۇپ، دۇنيا تارىخىدا مەشھۇر بولغان «ئەرمېنىيە پاجىئەسى» يۈز بەردى.

مەسئۇد ئىستانبۇلدا 11 يىل ئوقۇش داۋامىدا، ئاۋۋال پانئىسلامىزم تەربىيىسى ئالدى، كېيىن پانتۈركىزمنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىدى. ئەمما مەيلى پانئىسلامىزم بولسۇن ياكى پانتۈركىزم بولسۇن، ئۇلارنىڭ مەقسىتى تۈركلەردىن تەشكىللەنگەن ئىسلام جۇمھۇرىيىتى قۇرۇش ئىدى. ئائىلە تەسىرى تۈپەيلىدىن ئەينى ۋاقىتتىكى كۈچلۈك ئېقىم پانتۈركىزمنى ئاسانلا قوبۇل قىلدى. كەسپى ئۆگىنىشىدىن باشقا ۋاقىتلاردا پۈتۈن زېھنىنى بۇ ئېقىمنى قوبۇل قىلىش ۋە ھەزىم قىلىشقا قاراتتى. «ياش تۈركلەر پارتىيىسى» نىڭ پانتۈركىزمنى تەشۋىق قىلىدىغان گېزىت ـ ژۇرناللىرى ۋە كىتابچىلىرىنى تەشنالىق بىلەن ئوقۇپ، جانلىنىۋاتقان پانتۈركىزم تەشكىلاتى ـ «تۈرك يۇرتى» نىڭ ئەزاسى بولۇپ، پانتۈركىزمچىلار تەشكىللىگەن تۈرلۈك نۇتۇق ۋە پائالىيەتلەرگە پائال قاتناشتى، بولۇپمۇ

«تۈرك يۇرتى» ئورگىنىنىڭ نەشر ئەپكارى- «تۈرك يۇرتى» غا مەھلىيا بولۇپ، ھەر بىر ساندىكى ماقالىلەرنى تەپسىلىي ئوقۇپ چىقتى.

1913 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدا «ياش تۈرك پارتىيىسى» نىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بويىچە تارات جۇڭگو شىنجاڭنىڭ سودا ساھەسىدىكى زاتلار ۋە دىنى زاتلاردىن ئوبۇل ھەسەن قاتارلىقلار ھەم ئىستانبۇلدا ئوقۇۋاتقان شىنجاڭلىق ئوقۇغۇچىلارنى تەشكىللەپ، ئېدىلنى ئېكىسكۇرسىيە قىلدى، ئۇلار پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ دىنى ۋە مىللىي ئۆچمەنلىككە قۇتراتقاندا، مەسئۇدمۇ بۇ ھەركەتكە قاتناشتى، شۇنىڭ بىلەن ئۇ «پانتۈركىزم» ئېقىمىنىڭ كۈچلۈك تەسىرىدە خۇدىنى يوقاتتى. ئۇ ئوسمان ئىمپېرىيىسىنىڭ قالىق ھۆكۈمرانلىقى ۋە ئاقىۋىتىنى كۆرۈپ تۇرۇپمۇ كۆرمەسكە سېلىپ، بۇ ئىمپېرىيىنىڭ ئىلگىرىكى سەلتەنەتىگە مەپتۇن بولۇپ، كۈنلەرنىڭ بىرىدە يەنە ئۇنىڭ گۈللىنىشىنى، تۈركى تىلىدىكى مىللەتلەرنىڭ بىرلىشىپ، يوقالغان جەننىتىنىڭ قايتىدىن كېلىشىنى خام خىيال قىلدى. ئوسمان تۈركلىرى بىلەن رۇسىيە ئوتتۇرىسىدا ئۇرۇش پارتىلىغاندا «ياش تۈرك پارتىيىسى» ئۇرۇشۇش تەرەپدارلىرىدىن بولۇپ، ئۇرۇش ئېلان قىلىش مىللىتىمىزنىڭ غايىسىنى ئىپادىلىدى، ئىمپېرىيە ئۈچۈن بىر مۇۋاپىق چېگرىغا ئېرىشىش، چېگرا دائىرىسىدە ئۇلارنىڭ ئىرقىدىكى بارلىق قوۋملارنىڭ بارلىق تارماقلىرىنى سىغدۇرۇش ئۈچۈن رۇسىيەدىن ئىبارەت دۈشمىنىنى ھالاك قىلىش لازىم دەپ داۋراڭ سالدى. مەسئۇد بۇ داۋراڭلارنى ئالقىشلاپ قۇۋۋەتلىدى. ئىلگىرى ئۇ پۈتۈن دۇنيادىكى مۇسۇلمانلارنىڭ «خەلىپىسى» دەۋالغان نەيرەڭۋاز — ھەمىدى II گە چوقۇنغان بولسا، ئەمدىلىكتە «ياش تۈرك پارتىيىسى» نىڭ تەدبىرچىسى ئەنۋەرلىغا باش قويدى. ئۇ چاغدا ئۇ ئۆز ۋەتىنىنى ئاساسەن ئۇنتۇپ قالغان بولۇپ، ئوسمان ئىمپېرىيىسىگە چوڭقۇر ئىشتاياق باغلاپ، ئۆزىنى بۈيۈك تۈرك ئىمپېرىيىسىنى قۇرۇشقا بېغىشلىدى. ئۇنىڭ رۇسىيەگە بولغان ئۆچمەنلىكىمۇ مۇشۇ ۋاقىتتا بىخلانغان بولۇپ، كېيىن بۇ ئۆچمەنلىك سوۋېت ئىتتىپاقىغا ۋە كوممۇنىستىك پارتىيىگە ئۆچ بولۇشقا ئۆزگەردى.

## بازارغا سېلىش

1915 ـ يىلى ئىككى خىل دىپلومغا ئېرىشكەن مەسئۇد يۇرتىغا قايتىشقا تەييارلىق قىلدى. 18 ياشتىن 29 ياشقىچە بولۇپ 11 يىل ئوسمان تۈركلىرىنىڭ ئارىسىدا تۇرمۇش كەچۈرگەن ۋە ئوقۇغان مەسئۇدنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشىگىلا ئەمەس بەلكى ئىدىيىسىنىڭ شەكىل ـ لىنىشىگىمۇ غايەت زور تەسىر كۆرسىتىپ، ئۇنىڭغا ئۆچۈرگىلى بولمايدىغان بىر تامغا بېسىلدى، ئۇنىڭدا ھوقۇققا ئىنتىلىش ۋە سىياسىي قارا نىيىتى يېتىلگەن ئىدى. ئۇ ئوقۇغانلىرى بويىچە تۈركىيىدە قېلىپ بىر ياخشى خىزمەتكە تامامەن ئېرىشەلەيتتى. ھېسسىيات جەھەتتىن ئالغاندىمۇ ئۇ بۇ دۆلەت، بۇ تۇپراققا چوڭقۇر مۇھەببەت باغلىغان ئىدى، ئەمما ئۇ يەنىلا يۇرتىغا قايتىشنى قارار قىلدى. ئۇ شىنجاڭدىن ئىبارەت بۇ پاك زېمىنغا «پانتۈركىزم، پانئىسلامىزم» ئۇرۇقىنى چېچىپ، چوڭ ـ چوڭ ئىشلارنى قىلىش، «ياش تۈرك پارتىيىسى»دىكى داڭلىق شەخسلەردەك ئۆزىنىڭ سىياسىي غايىسىنى ئىشقا ئاشۇرۇشنى كۆڭلىگە پۈكتى.

مەسئۇد ئەسلىدە تەبىئىي پەن بولۇپمۇ تېببىي ئىلىم بويىچە ئوقۇغان بولۇپ، بۇنىڭغا نۇرغۇن ۋاقىت ۋە زېھنىنى سەرپ قىلغان بولسىمۇ ئەمما پانتۈركىزم ۋە پانئىسلامىزم ئائىت كىتاب ـ ماتېرىياللارنىمۇ كۆپ يىغدى، ئۇ بۇلارنىڭ بىرىنىمۇ قالدۇرماي ئېلىپ كەلدى. بۇ ۋاقىتتا ھۆسەنباي جەمەتى ئىشلىرىنىڭ مەركىزى ئىلىغا يۆتكەلگەن بولۇپ، مەسئۇدمۇ ئىلىدىكى ئۆيىگە كەلدى.

ئەينى ۋاقىتتا مەسئۇدقا ئوخشاش چەتئەلدە ئۇزاق يىل ئوقۇغان بىلىملىك كىشىلەر ئىلىدا ھەقىقەتەن ئاز ئىدى. شۇڭا ئۇنىڭ قايتىپ كەلگەنلىكى غايەت زور داغدۇغا پەيدا قىلدى، يۇرتداشلىرى ئۇنىڭدىن دوختۇرخانا ئېچىپ زامانىۋى تېببىي تېخنىكىلار بىلەن مەنپەئەت يەتكۈزۈشنى ئۈمىد قىلاتتى. ئىستانبۇلغا ئەمدىلا بېرىپ تېببىي ئىلىملەرنى ئۆگەنگەن ۋاقىتتا مەسئۇددىمۇ ياخشى ئوقۇپ يۇرتىغا قايتىپ بىمارلارنى قۇتقۇزۇش ئارزۇسى بار ئىدى، ئەمما «پانتۈركىزم، پانئىسلامىزم» ئىدىيىسىنى قوبۇل قىلغاندىن كېيىن ئۇنىڭ بۇ ئىدىيىسى ۋە چەتئەلگە

چىققان ۋاقىتتىكى دەسلەپكى ئۈمىدى ئاستا ـ ئاستا ئۇنىڭ بىلەن خوشلاشتى، ئۇنىڭ پۈتۈن ۋۇجۇدىنى «پانتۈركىزىم، پانئىسلامىزىم»نى تارقىتىش ئارقىلىق تارىختا غايەت زور دەرىجىدە گۈللەنگەن ئوسمان ئىمپېرىيىسىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش خام خىيالى چىرمىۋالغان بولۇپ، يۇرتىغا قايتقاندىن كېيىن دوختۇرخانا ئېچىشقا كۆڭۈل بۆلمەي پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن مەكتەپ ئېچىشقا ئورۇندى. ئۇ «ياش تۈرك پارتىيىسى» نىڭ سىياسىي پروگراممىسىغا ئوخشاش مائارىپ ئارقىلىق پانتۈركىزم، پانئىسلامىزمنى تارقىتىپ، ئۆزىنىڭ سىياسىي غايىسىنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا بەل باغلىدى.

1915 ـ يىلى شىنجاڭدىكى قالايمىقانچىلىق بېسىققان بولۇپ، شىنجاڭنىڭ تۆتۈق بولۇپ تۇرىۋاتقان ياڭ زىڭشىڭ پۈتۈن جۇڭگو ۋەزىيىتىنىڭ تەسىرىدە، شىنجاڭدا مائارىپنى تەرتىپكە سېلىشنى ئويلىشىۋاتاتتى. شۇڭا مەسئۇدنىڭ مەكتەپ ئېچىش ئىلتىماسىنى يەرلىك ھۆكۈمەت ناھايىتى تېزلا تەستىقلىدى. بۇ ۋاقىتتا ئىلىدا تۇرغۇن تۈركىيىلىك مۇھاجىرلار ئۇلتۇراقلاشقان بولۇپ، ئائىلىسىنىڭ مالىيە جەھەتتىن قوللىشى بىلەن مەسئۇد بەزى تۈركىيىلىكلەرنى ئوقۇتقۇ ـ چىلىققا تولۇقلاپ بېرىلكتە «تۇران مەكتىپى» نى (ئاتالمىش تۇران تۈركىيىلىك پان تۈركىست زىيا خوجا ئالىپ ئېيتىغان "تۇران بارلىق تۈركلەرنىڭ بۈيۈك ۋەتىنى دېگەننى كۆرسىتىدۇ) ئاچتى. مەكتەپنىڭ ئىسمىدىنلا مەسئۇدنىڭ نېمىگە تىرىشىۋاتقانلىقىنى كۆرۈۋېلىشقا بولاتتى، ئەمما ئۇ بۇنى يوشۇرۇش ئۈچۈن ئۆزىنىڭ مەكتەپ ئېچىشتىكى مەقسىتىنىڭ زامانىۋى مائارىپنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ، يۇرتداشلىرىنى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇپ، مىللەتنى روناق تاپقۇزۇش ئىكەنلىكىنى تەشۋىق قىلدى. «مىللىي مائارىپنى گۈللەندۈرۈش» بايرىقىنى كۆتۈرۈۋېلىپ، پانتۈركىزم ۋە پانئىسلامىزمنى تەرغىب قىلىش ھەم بازارغا سېلىش مەسئۇدنىڭ ئانا يۇرتىغا قىلغان «سوۋغىسى» بولدى.

«تۇران مەكتىپى» گەرچە ئۆزىنى زامانىۋى مائارىپ دەپ پەش قىلغان بولسىمۇ، ئەمما تەسىس قىلغان دەرسلىكلىرىنىڭ ھەممىسىدە زامانىۋى ئىلىم ـ پەنگە ئائىت مەزمۇنلار كۆپ بولماستىن، پانئىسلامىزم، پانتۈركىزم تەشۋىقاتى ئاساسلىق دەرس مەزمۇنى قىلىنغان ئىدى، شۇنىڭ

بىلەن بۇ مەكتەپ «پانتۈركىزىم، پانئىسلامىزىم» ئىدىيىسىنى ھەدەپ تەشۋىق قىلىدىغان ۋە پائالىيەتلىرىنى قانات يايدۇرىدىغان مۇنبەر ھەم بازا بولۇپ قالدى. ئوسمان تۈركلىرى ھاكىمىيىتى مەزگىلىدىكى مەيلى ھەمىدى II بولسۇن ياكى «ياش تۈرك پارتىيىسى» بولسۇن ھەممىسىدە تۈرك تىلىنى ئىگىلەشنىڭ مۇھىملىقى ئالاھىدە تەكىتلەنگەن بولۇپ، ئۇلارنىڭ ھاكىمىيىتىدىكى قانۇن-نىزاملارنىڭ ھەممىسىدە دۆلەتنىڭ ھۆكۈمەت تىلى - تۈرك تىلىنى بىلىش ھۆكۈمەت ۋەزىپىسىنى ئۆتەشنىڭ ئالدىنقى شەرتى قىلىندى؛ ئاۋام پالاتاسىدا مۇزاكىرىلەشكەندە چوقۇم تۈركى تىلىنى ئىشلىتىش، بارلىق باشلانغۇچ مەكتەپلەردە تۈرك تىلىنى زۆرۈر ئوقۇشلۇق قىلىش بەلگىلەنگەن ئىدى. مەسئۇد بۇ ماددىلارنى پىششىق بىلەتتى. پانتۈركىزمنى تەشۋىق قىلىش ئىدىيىسىگە ماسلىشىش ئۈچۈن ئۆزىنىڭ مەكتىپىدىمۇ تۈرك تىلىنى زۆرۈر ئوقۇشلۇق قىلىپ بېكىتتى. مەسئۇدنىڭ پۈتۈن كۈچى بىلەن قۇتراتقۇلۇق قىلىشى ئارقىسىدا ئىلىدا ناھايىتى تېزلا مەسئۇدنى مەركەز قىلغان پانتۈركىزم تەشكىلاتى شەكىللەندى. مەسئۇد بۇنىڭ بىلەنلا بولدى قىلماي يەنە ئائىلىسىنىڭ تەسىر كۈچىدىن پايدىلىنىپ، جەنۇبى شىنجاڭدىكى تۈركىيىلىك ئەخمەت كامال بىلەن بىرلىشىپ، يىراقتا تۇرۇپ ماسلىشىپ، ئوقۇغۇچىلار ئارىسىدا «ئەجدادىمىز - تۈرك، ۋەتىنىمىز - تۈركىستان» دەپ ئاشكارا تەشۋىق قىلدى. قىسقا ۋاقىت ئىچىدىلا «پانتۈركىزم، پانئىسلامىزم» ئىدىيىسى شىنجاڭنىڭ جەنۇبى، شىماللىرىدا يامراپ كەتتى. بۇ مەزگىلدە ئەخمەت كامال ئۆزى كۈچ چىقىرىپ ئىستانبولدىن ئاتايىتەن بىر يۈرۈش باسما زاۋۇتى ئۈسكىنىلىرىنى كىرگۈزۈپ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئوقۇشلۇق ماتېرىياللىرى ۋە «بۈيۈك دىن» قاتارلىق ژۇرناللارنى باستۇردى. ئوقۇ-ئوقۇتۇش داۋامىدا سۇلتان ئوسماننى داھىي قىلىش ئىدىيىسىنى قايتا-قايتا سىڭدۈرۈپ، تۈركىيە ناخشىسىنى ئۆگەتتى.

كامال، مەسئۇدلار تارقاتقان بىر يۈرۈش سىياسىي ئىدىيىلەر دۆلىتىمىزنىڭ ئىگىلىك ھوقۇقىغا ئېغىر تەسىر يەتكۈزۈپ، شىنجاڭنىڭ مىللەتلەر مۇناسىۋىتىگە بۇزغۇنچىلىق قىلىپ، شىنجاڭدىكى ياشلارنى ئۆز دۆلىتى، ئۆز مىللىتىگە ئاسىيلىق قىلىشقا قۇتراتتى. مىللىي مائارىپنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنى قالپاق قىلىسىمۇ ئەمەلىيەتتە مەكتەپ ئېچىشنى

پانتۈركىزم، پانئىسلامىزمنى تارقىتىدىغان ۋاستە قىلدى.
يېڭىچە مەكتەپ ئېچىش شەكلىنى قوللىنىش ئارقىلىق پانتۈركىزم، پانئىسلامىزم ئىدىيىسىنى تارقىتىش ئالدى بىلەن مۇتەئەسسىپ ئىدىيە ئەنئەنىسىگە ئىگە ئۇيغۇر مۆتىۋەرلىرىنىڭ قارشىلىقىغا ئۇچرىدى. ئۇلار مەكتەپتە تەسىس قىلىنغان تارىخ، جۇغراپىيە، تۈرك تىلى دەرسلىكلىرىگە، تۈرك ناخشىلىرىنى ئېيتىشقا ۋە غەربچە كىيىنىشكە قارشى تۇرۇپ، مەكتەپنىڭ بۇ ھەرىكەتلىرى ئەنئەنىۋى مەدەنىيەتكە تەھدىت ئېلىپ كېلىدۇ دەپ قارىدى. شۇنىڭ بىلەن تۈرلۈك ۋاستىلەرنى قوللىنىپ مەكتەپكە بېسىم چۇشۇرۇپ، ئۆلكە تۇتىقى ياڭ زېڭشىنغا ئەھۋالنى دوكلات قىلىش بىلەن بىر ۋاقىتتا يەنە رۇسىيەنىڭ باش كونسۇلى ئارقىلىق بېيجىڭ ھۆكۈمىتىگە مەلۇمات يوللىدى.
ياڭ زېڭشىن بۇ مەسىلىنى دەسلەپتە رۇسىيە كونسۇلىنىڭ بېيجىڭ مەركىزى ھۆكۈمىتى تاشقى ئىشلار بۆلۈمىگە ئەۋەتكەن مەلۇماتى ئايلىنىپ قولىغا تەگكەندە چۈشەندى. كېيىن جەنۇبى، شىمالى شىنجاڭدىكى يەرلىك خەلقنىڭ مەلۇماتلىرىنىمۇ ئارقا-ئارقىدىن تاپشۇرۇۋالدى. ياڭ زېڭشىن تەكشۈرۈپ سۈرۈشتۈرۈش ئارقىلىق: ھازىر ياۋروپادا ئۇرۇش بولۇۋاتقان ۋاقىت، بۇ تۈركىيىلىكلەرمۇ ئۇرۇشقا باغلىنىپ قالغانلار، ئەگەر قاتتىق ئالدى ئېلىنمىسا، ئۇيغۇر قاتارلىق مىللەتلەرنى دىن ئارقىلىق بىخوتلاشتۇرمىسا تۇتۇپ تۇرماق قىيىن. تاشقى ئىشلار توسقۇنلۇققا ئۇچراپلا قالماستىن جۇڭگو ئىچىدىمۇ يوشۇرۇن خەۋپلەردىن ساقلانغىلى بولمايدۇ، دەپ قارىدى. شۇنىڭ بىلەن مەكتەپنى تاقاپ ئالاقىدار خادىملارنى قاتتىق جازالىدى. ھەتتا بەزىلىرىگە پالاق بىلەن ئۇرۇش جازاسى بېرىلدى. كامال قاتارلىق مۇناسىۋەتلىك كىشىلەر قاماققا ئېلىنىپ بىر نەچچە يىلدىن كېيىن يۇرتىغا قايتۇرۇلدى. مەسئۇدقا نىسبەتەن ياڭ زېڭشىن «تۇران مەكتىپى»نىڭ تەربىيە مەزمۇنلىرى پۇقرالارغا زىيان يەتكۈزىدۇ دەپ قاراپ، تاقىۋېتىشكە بۇيرۇق قىلدى. 1917-يىلى مەسئۇدنىڭ مەكتىپى پىچەتلەندى ئەمما مەسئۇد جازالانمىدى. كېيىن شىنجاڭدىكى يۇقىرى قاتلاملىق كىشىلەر ئارقا-ئارقىدىن ياڭ زېڭشىنغا خەت يېزىپ مەكتەپنى تاقىۋېتىش پاراكەندىچىلىك ئېلىپ كېلىد -ىغانلىقىنى ئېيتتى. كىرىزىسنى پەسەيتىش ئۈچۈن شەخسى مەكتەپلەرنى تاقاش بۇيرۇقى ئاستا-ئاستا

بىكــار قىلىنـــدى. ئەممــا مەكـــتەپلەردە تـــۈركىيىگە ســـادىق بولـــۇش خاراكتېرىـــدىكى ھەر قانـــداق ئىـــش ـ ھەرىكەتـــلەر كۆرۈلمەســـلىك، چوقـــۇم خەنزۇ تىلى دەرسى تەسىس قىلىش ئىنىق بەلگىلەندى.

ئەســـلىدە مەســـئۇد ئاچقـــان مەكتـــەپىگە زور ئىشـــەنچ بـــاغلاپ، قىســـقا مۇددەت ئىچىدە مـۆجىزە يارىتىشـنى ئۈمىـد قىلغـان ئىـدى. ئەممـا ئىككـى يىلدىن ئارتۇق تىرىشىشىمۇ مۆجىزە يارىتالمايلا قالماي ئەكسىچە مەكـتەپ تاقالدى. ئۆزىمۇ ھۆكۈمەتنىڭ تەنبىھىگە ئۇچرىدى. روھى چۈشكۈن ھالـدا ئىختىيارسىز دوختۇرخانا ئىچىش نىيىتىگە كېلىپ، نەچچە يىل قېتىرقىنىپ تېبابەت ئىلمىنى تەتقىق قىلغانلىقىنى، بۇ ساھەدە بىلىمىنىڭ مولللىقىنى، مەكـــــتەپ ئـــــاچىمەن دەپ ئىگىلىـــــگەن تېبـــــابەت بىلىملىرىنـــــى ئىشلەتمىگەنلىكىنى ئويلاپ، مەكتەپ تاقالسا نىمىشقا كونا كەسپلەر بىلەن شۇغۇللانماي، ئاسان ئىش بولسىمۇ ئىچ پۇشۇقۇمنى چىقىرىـدۇ ئەمەسـمۇ، دېگەنلەرنـــى خىيالـــدىن ئۆتكـــۈزدى ھەمـــدە بـــۇ نـــيەت بىـــلەن تېـــز ھەرىكەتلەنـــدى. ئۇنـــىڭ مـــال ـ مۈلـــۈكى كـــۆپ بولغاچقـــا مەبلەغـــتىن ئەنسىرىمەيتتى. شـۇڭا تېـزلا تۈركىيىـدىن داۋالاش ئۈسـكۈنىلىرى ۋە دورا كىرگۈزۈپ، زېرەك ياشلارنى ياردەمچىلىككە تەربىيىلىدى. دوختۇرخـانىنى تېزدىن ئىشقا كىرگۈزۈپ، «ئالتاي دوختۇرخانىسى» دەپ نام قويىدى. بـۇ غۇلجا شەھىرى بويىچە تۇنجى قېتىم غەربنىـڭ تېخنىكىسـىنى كىرگـۈزگەن مـــۇنتىزىم دوختۇرخانـــا ئىـــدى. تىجـــارەت باشـــلىغاندىن كېـــيىن چەت رايـونلاردىكى كىشـىلەر پىچـاق، قايچـا، يىگـنە، ئـامبۇر ۋە تىكىشـىغۇچ، شپىرىس قاتارلىق بىر مۇنچە ئەسۋابلارنى كۆرۈپ بەدىنىنى زەخىملەندۈرۈپ قويۇشتىن ئەنسىرەپ كۆپىنچىسى ئەيمىنىپ يـۈردى. مەسـئۇد بىـر نەچـچە بىمارنى ئالاھىدە داۋالاپ داۋالاش ئۈنـۈمى كۆرۈنەرلـىك بولغانـدا ئانـدىن كىشىلەر بۇ دوختۇرخانىغا ئىشىنىشكە باشلىدى. دوختۇرخانىنىڭ ئاجايىپ مۆجىزىسى ئاۋۋال داۋالانغان بىمارلارنىڭ ئاغزىدىن تارقىلىپ ھەممىگە پۇر كەتتى. شۇنىڭ بىلەن دوختۇرخانىغا كېلىپ داۋالىنىدىغانلار بارغانسېرى كۆپىيىـــپ مەســـئۇد كىشـــىلەرنىڭ ھـــۆرمىتىگە ســـازاۋەر شەخســـكە ئايلىنىـــپ قالدى.

بۇ يەردىكى خەنزۇلار ئەسلىدە پەقەت جۇڭگو تېبابىتى ئورۇنلىرىغا كېسەل كۆرسىتەتتى. بىر تەرەققىيپەرۋەر مۆتىۋەر ئۇيغۇر يۇرتداشـلىرىنىڭ

ھەممىسىنىڭ ئالتاي دوختۇرخانىسىغا كېسەل كۆرسەتكىلى بارغانلىقىنى كۆرۈپ سىناپ بېقىش پوزىتسىيىسى بىلەن داۋالانغىلى باردى. ئويلىمىغان يەردىن بىر نەچچە تال دورا يەپ، بىر نەچچە كۈن ئوكۇل ئېلىپلا ياخشى بولۇپ كەتتى. شۇنىڭ بىلەن بىر نەچچە مۆتىۋەرگە تونۇشتۇرغاندىن كېيىن ئاجايىپ ياخشى ئۈنۈم كۆرۈلدى. ئىلگىرى جۇڭگوچە تېبابەت دورىلىرىنى يېگەندە ئون كۈن ھەتتا يېرىم ئايغىچە دورىنىڭ مەنپەئەت قىلغان ياكى زىيان قىلغانلىقىنى بىلگىلى بولمايتتى، ئەمما بېشى ئاغرىغان بەدىنى قىزىغان ياكى قارىماققا ئىنتايىن ئېغىر كۆرۈنگەن كېسەللەر دورا يەپ ئوكۇل ئۇرۇلسىلا ئۈنۈمى كۆرۈنەرلىك ياخشىلىنىش ھەقىقەتەن مۆجىزە ئىدى. يەنە كېلىپ مەسئۇد غەربچە تېبابەتتە مەخسۇس تەربىيىلەنگەن بولغاچقا ئۇ داۋالاش تېخنىكىسىدا كامالەتكە يەتكەن بولۇپ، يەنە كەسپىي قەدىرلەش روھى بىلەن سەۋرچان، سەممىي پوزىتسىيىدە ئىللىق مۇئامىلە قىلغاچقا بىمارلار يېقىن دوستلىرىغا ئۇنى تونۇشتۇردى. ئۇزاق ئۆتمەيلا دوختۇرخانىنىڭ نامى پۇر كېتىپ، خەلقنىڭ ياخشى باھاسىغا ئېرىشتى. دوختۇرخانىغا مىننەتدارلىق بىلدۈرۈش ئۈچۈن بىر نەچچە بىمارنىڭ ئائىلە تاۋاپاتلىرى بىرلىكتە دوختۇرخانىغا لەۋھە تەقدىم قىلىپ، ئۈستىگە «خەيرى ساخاۋەت قىلغۇچى» دېگەن خەتلەرنى يازدى. ئەينى چاغدا مەسئۇد خەنزۇچە خەت تونىمىغاچقا لەۋھە بىلەن «ئالتاي دوختۇرخانىسى» دېگەن ۋىۋىسكىنى بىرگە ئاستى. شۇنىڭ بىلەن خەنزۇلارنىڭ ھەممىسى بۇ دوختۇرخانىنى «خەيرى ساخاۋەت» دوختۇرخانىسى دەپ ئاتاپ قىسقىغىنا ۋاقىت ئىچىدە بۇ دوختۇرخانىنىڭ نامى پۈتۈن غۇلجا شەھىرىگە پۇر كەتتى. قەدىمكىلەرنىڭ ئەجىر قىلىپ تىكىلگەن گۈل ئېچىلماس، مەقسەتسىز تىكىلگەن سۆگەت سايىۋەن بولار دېگىنىدەك مەسئۇد پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن مائارىپ ئىشلىرىغا ئاتلىنىپ مائارىپ ئارقىلىق ئۆزىنىڭ سىياسىي غايىسىنى ئىشقا ئاشۇرماقچى بولغان بولسىمۇ ئويلىمىغان يەردىن ھەممىسى يوققا چىقتى. ئەمما ئەسلىدە ئىچى پۇشۇقىنى چىقىرىش ئۈچۈن ئاچقان دوختۇرخانا ناھايىتى زور ئۇتۇقلارغا ئېرىشىپ كەڭ خەلقنىڭ قىزغىن قارشى ئېلىشىغا ئېرىشىپ قالدى.

مەسئۇد يەنىلا تاقەتسىزلىك بىلەن مەكتەپ ئىشلىرىنى كۆڭلىدىن چىقىرالماي يۈردى. 1917-يىلى ئۆكتەبىر ئىنقىلابى غەلىبىگە ئېرىشتى.

سوۋېت رۇسىيىسىنىڭ قايتا-قايتا غەلىبىگە ئېرىشىشىگە ئەگىشىپ «پانتۈركىزىم، پانئىسلامىزىم» ئىدىيىسى بىلەن چىقىشالمايدىغان بىر خىل ئىنقىلاب ئىدىيە ئېقىمى شىنجاڭدا تەدرىجىي تارقىلىشقا باشلاپ، چېگرىغا جايلاشقان غۇلجىغا بارغانسېرى تەسىر كۆرسەتتى. مەسئۇد تۈركىيىدە ئوقۇۋاتقان ۋاقىتتا ئوسمان تۈركلىرىنىڭ ئەشەددىي دۈشمىنى بولغان رۇسىيەگە ئىنتايىن ئۆچ ئىدى. بولشېۋىكلار ھاكىمىيەت ئورنىغا چىققاندىن كېيىن ئۇ رۇسىيىنىڭ كوممۇنىزم نەزەرىيىسى ۋە ئىنقىلابىغا چىش تىرنىقىغىچە ئۆچ بولدى. بولۇپمۇ ئۇنى تېخىمۇ بىئارام قىلغىنى ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىدا سوۋېت ھاكىمىيىتىنىڭ كوممۇنىزم پرىنسىپى بويىچە «يېزا ئىگىلىك ئىنقىلابى» (يەرلەرنى تەڭ مىقداردا كىچىك بۆلەكلەرگە ئايرىپ شۇ جايدىكى دېھقانلارغا تەقسىملەپ بېرىش) نى يولغا قويۇش ئىدى. بۇ خىل يېڭى ئىدىيىنىڭ شىنجاڭدىكى يەرلىك مۇسۇلمانلارغا تەسىر كۆرسىتىشىگە تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن مەسئۇد يەنە مەبلەغ چىقىرىپ تۆت ئورۇندا «دەرنەك» (كۇرس تۈردىكى غەيرى رەسمىي مەكتەپ) ئېچىپ، پانتۈركىزم ۋە پانئىسلامىزم ئىدىيىسىنى تارقىتىپ، «پانتۈركىزىم، پانئىسلامىزىم» ئىدىيىسىنى تارقىتىش ئارقىلىق سوۋېتنىڭ ئىنقىلاب دولقۇنىنىڭ تەسىرىنى توسۇشنى سىناپ باقماقچى بولدى.

ياڭ زېڭشىن ھەممە ھوقۇقنى قولىغا ئېلىۋالغان مۇستەبىت يەنە كېلىپ خۇسۇسى مەكتەپنى پۈتتۈرگەن گېجىك ئادەم بولۇپ، شىنجاڭنى ئالىقىنىغا ئېلىۋالغىنىغا شۈكرى قىلاتتى. ئىدىيىسى ئىنتايىن مۇتەئەسسىپ بولغاچقا بارلىق يېڭى ئىدىيىلەرنى چەتكە قاقاتتى. شۇڭا سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئىنقىلاب دولقۇنىغا باشتىن-ئاخىر ئۆچمەنلىك قىلىش ۋە ئۇنىڭدىن مۇداپىئەلىنىش پوزىتسىيىسىدە تۇرۇپ كەلدى. بۇ نۇقتىدىن ئالغاندا مەسئۇد بىلەن بىرلىككە كېلەلەيتتى ئەمما دۆلەت بىخەتەرلىكى ۋە ئۆزىنىڭ ھۆكۈمرانلىق ئورنى نۇقتىسىدىن ئالغاندا ئۇ يەنىلا «پانتۈركىزىم، پانئىسلامىزىم» ئىدىيىسىگە سەگەكلىك بىلەن مۇئامىلە قىلاتتى. ئۇ پانئىسلامىزمنىڭ ئىتتىپاق دۆلەت قۇرۇش سەپسەتىسىدە باشقا مەقسەت بار. بۇنىڭ ئىچىدىكى «چوڭ بىرلىككە كەلتۈرۈش» ئارقىلىق ئىسلام دۆلەتلىرى بىلەن ياۋروپا، ئاسىيادىكى ئىسلام ئەللىرىنى بىرلەشتۈرۈشتىن ئىبارەت «چوڭ ئىتتىپاقداش قۇرۇش» تەشەببۇسى يەرلىكنىڭ ئىجتىمائىي

مۇقىملىقى ۋە شىنجاڭنى بىرلىككە چوڭ تەھدىت. شۇڭا مەسئۇد ئاچقان مەكتەپنى قەتئىي تاقىۋېتىش كېرەك، دەپ قارىدى.

مەسئۇد ئىنتايىن جاھىللىق بىلەن ئىككى قېتىم مەكتەپ ئېچىپ ھەر ئىككىلىسى تاقىۋېتىلگەن ھالەتتىمۇ يەنە نىيىتىدىن ۋاز كەچمەي دوختۇرخانا ئېچىش بىلەن بىر ۋاقىتتا سەۋرچانلىق بىلەن مەكتەپ ئېچىش پۇرسىتىنى ئىزلىدى. ئۇ دوختۇرخانا ئېچىش داۋامىدا «پانتۇركىزىم، پانئىسلامىزىم» ئىدىيىسى تەشۋىقاتىنى ئۇنتۇپ قالمىدى. 1924 ـ يىلى شىنجاڭنىڭ ۋەزىيىتى ئاستا ـ ئاستا مۇقىملاشتى. مەسئۇد دولقۇنلار ئۆتۈپ كەتتى دەپ قاراپ غۇلجىدا يەنە قايتىدىن مەكتەپ ئېچىپ، ئوخشاش يولدىكىلەرنى تەكلىپ قىلىپ پانتۈركىزم، پانئىسلامىزم ئىدىيىسىنى جېنىنىڭ بارىچە تارقاتتى. ئۇلار «پانتۈركىزىم، پانئىسلامىزىم» ئىدىيىۋى ئېقىمىنىڭ ۋۇجۇدقا كەلگەن دەسلەپكى مەزگىللىرىدە ياۋروپا مۇستەملىكىچىلىرىگە قارشى تۇرۇپ مۇستەقىللىقنى قولغا كەلتۈرگەن دۆلەتلەرنىڭ ئىبارىلىرىگە سىلىشتۇرۇپ، مەركىزى ھۆكۈمەت ۋە شىنجاڭدىكى يەرلىك ھۆكۈمەتنىڭ ھاكىمىيىتىنى مۇستەملىكە ھۆكۈمرانلىق دەپ قاراپ، جۇڭگو مۇستەملىكە ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى تۇرۇش، مىللىي مۇستەقىللىقنى قولغا كەلتۈرۈش بايانىاتىنى ئېلان قىلىپ، شىنجاڭنى ۋەتىنىمىزنىڭ تېررىتورىيىسىدىن ئايرىپ چىقىشقا ئورۇنۇپ، بۇ ئارقىلىق ئۆزىنىڭ سىياسىي قارا نىيىتىنى ئەمەلگە ئاشۇرماقچى بولدى.

ئۇزاق ئۆتمەي بۇ ئەھۋاللار ئۆلكىگە يەتكۈزۈلدى، ياڭ زېڭشىن ئۆزىنىڭ ئايغاقچىلىرى ئارقىلىق بۇ ئىشتىن ۋاقىپلانغاندىن كېيىن قاتتىق ئاچچىقلىنىپ، بېشىغا سەللە ئورىغان، ئۇزۇن چاپان كىيگەن بۇ ئادەم ئارقا ـ ئارقىدىن چەكلەش بۇيرۇقىغا خىلاپلىق قىلىشقا باشلىدى، ئۇنىڭ مەقسىتى نېمىدۇ؟ دېگەنلەرنى ئويلىدى. دەل مۇشۇ ۋاقىتتا كۇچادىكى مەمەتئېلىخاننىڭ دىن ۋە مىللەت ئۇقۇمىدىن پايدىلىنىپ، شوئار توۋلاپ توپىلاڭغا قۇترىتىش ھەرىكىتى ياڭ زېڭشىن تەرىپىدىن باستۇرۇلغان ئىدى. سەزگۈر مەزگىلدە تۇرىۋاتقان ياڭ زېڭشىن مەسئۇدنىڭمۇ مەكتەپتە مۇنبەردىن پايدىلىنىپ، قانۇنسىز ئىشلارنى قىلىشقا ئورۇنىدىغانلىقىنى ئويلىدى ۋە مەسئۇدنى دەرھال قولغا ئېلىش بۇيرۇقىنى چۈشۈرۈپ، ئۇنى ئۆلكىگە يالاپ ئاپاردى.

مەسئۇد ئۇرۇمچىگە يالاپ ئاپرېلىپ 10 ئايدىن ئارتۇق سولاپ قويۇلدى. بۇ مەزگىلدە ياق زېگىشىن ئۈچ قېتىم ئۆزى سوراق قىلدى. ئۇ مەسئۇدنى كۆرگەندىن كېيىن مەسئۇدنىڭ تەسەۋۋۇرىدىكى خۇشامەت - چىلەردىن بولماستىن، بەلكى بىلىملىك ۋە ئەدەپ-قائىدىلىك ئىكەنلىكىنى، تۇرقىدىن يېتىلگەن ئىلىم ئەھلىدەك تەسىر بېرىدىغانلىقىنى ھېس قىلدى. ئۆزى سوراق قىلىش ۋە ئادەم ئەۋەتىپ كۆپ جەھەتتىن تەكشۈرۈش ئارقىلىق مەسئۇدنى ئۆز پىكرىدە چىڭ تۇرىدىغان، ئۆز مەيلىچە كونىچە مەكتەپ ئاچقان، گەرچە چەكلەش بۇيرۇقىغا خىلاپلىق قىلغان بولسىمۇ، ئېغىر ئاقىۋەت كەلتۈرۈپ چىقارمىغان بولغاچقا، ئۇنىڭغا نەسىھەت قىلىپ ئاگاھلاندۇرۇش بەرگەندىن كېيىن قويۇپ بېرىش كېرەك، دەپ قارىدى.

مەسئۇد قويۇپ بېرىلگەندىن كېيىن ئۆز قىلمىش-ئەتمىشلىرى ئۈستىدە قايتا ئويلانمايلا قالماستىن ئەكسىچە ياڭ زېگىشىن قەستەن مەن بىلەن چىقىشالمايۋاتىدۇ دەپ قارىدى. ئەمما ئۇنىڭغا بىر نۇقتا ئېنىق ئىدى: ئەگەر ئۇ يەنە چەكلىمىگە خىلاپلىق قىلىپ، شەخسىي مەكتەپ ئاچسا ياڭ زېگىشىن ئۇنى بۇنداق ئاسان ئۆيىگە قايتۇرمايتتى.

قاتتىقلىق ئەپلەشمىسە يۇمشاقلىق قىلىشنى چۈشىنىپ يەتكەن مەسئۇد ئازراق ۋاقىت ئارام ئېلىۋېلىپ، كونا كەسپىنى يەنە باشلاپ دوختۇرخانا ئېچىش ئارقىلىق ئابرۇيىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش، ئاندىن يەنە مەقسىتى ئۈچۈن تىرىشىشنى ئويلىدى. شۇنىڭ بىلەن دوختۇرخانىسىنىڭ يېنىغا ئۆي سېلىپ، دوختۇرخانىسىنى كېڭەيتمەكچى بولدى. مەسئۇدنىڭ كەڭ كۆلەمدە قۇرۇلۇش قىلىشى كۆپلىگەن كىشىلەردە ھەسەت ۋە بىزارلىق تۇيغۇسىنى قوزغىدى، ئۇلار غۇلجىنىڭ يەرلىك ئەمەلدارى چاڭ يوگىچىڭغا خەت يېزىپ مەخپىي مەلۇمات بېرىپ مەسئۇدنىڭ غەيرى ئىشلار بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقانلىقىنى ئۇقتۇردى. بۇ ۋاقىتتا چاڭ يوگىچىڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ تاپشۇرۇقى بويىچە مەسئۇدنى نازارەت ئاستىغا ئېلىشقا مەسئۇل بولغان بولۇپ، ئۇ تاپشۇرۇۋالغان شىكايەتنىڭ راست-يالغانلىقىنى سۈرۈشتە قىلىپ ئولتۇرماستىنلا ئۇنى قاماقخانىغا ئاپىرىپ سولاپ قويدى. مەسئۇد تۈرمىدە بىر نەچچە ئاي تۇرغاندىن كېيىن ئاتا-ئانىسى ۋە ئۇرۇق-تۇغقانلىرىنىڭ كېپىللىكى بىلەن تۈرمىدىن چىقتى.

مەسئۇد بۇ قېتىم تۈرمىدىن چىققاندىن كېيىن مەسئۇد ھۆكۈمەت بىلەن تەگمۇ-تەك قارشىلاشقىلى بولمايدىغانلىقىنى، چوقۇم ئەپلەپ-سەپلەپ ياخشى مۇناسىۋەتنى ساقلاش لازىملىقىنى تونۇپ يەتتى. شۇڭا تۈرمىدىن چىققاندىن كېيىن ھۆكۈمەتنىڭ ئاۋارىچىلىقتىن قورقۇش پسىخىكىسىنى چۈشىنىپ، ئۆزلۈكىدىن دوختۇرخانىنىڭ كۆلىمىنى قىسقارتتى. ھەمدە بىر تۈركۈم مەدەنىيەتلىك، زېرەك ياشلارنى تاللاپ تېبابەت ئىشلىرى بويىچە تەربىيىلەپ، ئۆزى ئۇلارغا دەرس ئۆتۈپ، ئۇلارنىڭ پراكتىكا قىلىش، كۆز پىششۇرۇشلىرىغا يېتەكچىلىك قىلدى. ئۇنىڭ كۆڭۈل قويۇپ تەربىيىلىشى نەتىجىسىدە بەزى شاگىرتلىرىنىڭ بىر مەزگىل داڭقى چىقىپ، غۇلجا شەھىرى بويىچە داڭلىق دوختۇرلارغا ئايلاندى. ئۇلار ئىلى ۋىلايىتى ئىچىدە كېسەل داۋالاپ، ياخشى نەتىجىلەرگە ئېرىشىپ، يەرلىك خەلققە نۇرغۇن قۇلايلىقلارنى ئېلىپ كەلدى. ھۆكۈمەت مەسئۇدنىڭ بىر قېلىپقا چۈشكەنلىكىنى، داۋالاش ئىشلىرىغا بېرىلىپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ، قايتا سۈرۈشتە قىلمىدى.

ئۇ گەرچە داۋالاش ئىشلىرىدا ئازراق نەتىجە قازىنىپ، يەرلىكلەر ئارىسىدا ھۆرمەتكە ئېرىشكەن بولسىمۇ دوختۇرلار بولۇپلا ياشاشنى خالىمىغاچقا، سىياسىي غەرىزى ئۇنىڭ ئىچىنى ئېچىتىپ ئۇنى جىم تۇرغۇزمىدى. ئىككىنچى يىلى ئۇ چىدىيالماي يەنە ھەرىكەتلەندى. ئەمما ئىلگىرىكى تەجرىبىلەرنى يەكۈنلەپ، پىششىپ يېتىلگەچكە ئۆزى ئالدىغا چىقماي ھۆكۈمەتتىكى ئالاقىسى قويۇق خادىملارنى مەكتەپ مۇدىرى ۋە ئوقۇتقۇچىلىققا تەكلىپ قىلىپ، مۇناسىۋەتنى راۋانلاشتۇرۇش ئارقىلىق «دوڭ مەھەللە خەيرىيەت مەكتىپى ۋە تولۇقسىز مەكتىپى»نى ئاچتى. يەرلىك ھۆكۈمەت بىلەن داۋاملىق مۇناسىۋەت باغلاپ تۇرغانلىقتىن، مەكتەپ ئاخىرى ئېتىراپقا ئېرىشتى. بۇ ۋاقىتتا مەسئۇد ئۆزى بىۋاستە دەرس ئۆتمىگەن بولسىمۇ، ئۇ تەكلىپ قىلغان خادىملار ئوقۇغۇچىلارغا ئاشكارا ياكى يوشۇرۇن ھالدا «پانتۈركىزم، پانئىسلامىزم» ئىدىيىسىنى تەرغىب قىلدى.

مەسئۇد ھەمىشە يەرلىك خەلقنىڭ ئىدىيىسىنىڭ قاتمال ئىكەنلىكىنى، ئۇلارنىڭ كاللىسىنى ئېچىشقا ئۇزاق ۋاقىت كېتىدىغانلىقىنى تونۇپ يېتىپ، ئۇلارنىڭمۇ ئۆزىگە ئوخشاش تاشقى دۇنيانى چۈشىنىشىنى

ئۈمىد قىلاتتى. ئۇنداق بولغاندا ئۇنىڭ تەشۋىقاتلىرىنى ئاسانلا قوبۇل قىلالايتتى. كۈتۈلمىگەندە، بۇ ۋاقىتتا رۇسىيە كونسۇلخانىسى ئارتۇق كىنو قويۇش ئاپپاراتلىرىنى ساتماقچى بولدى. مەسئۇد خۇشاللىق بىلەن ئۇنى سېتىۋېلىپ، كىنو قويۇش ئارقىلىق «خەلقنى ئويغۇتۇش» خىيالىدا بولدى. يەرلىك ھۆكۈمەتنىڭ خۇدۇكسىنىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن ئۇ ئىلى ئامبىلى چاڭ يوگچىڭنىڭ كونا تۇرالغۇسىنى يۇقىرى باھادا ئىجارىگە ئېلىپ، كىنوخانا قىلدى ھەمدە ئون يىللىق ئىجارە ھەققىنى ئالدىدىن تۆلىدى. ئەينى ۋاقىتتا چاڭ يوگچىڭ كىنونىڭ قانداق نەرسە ئىكەنلىكىنى بىلمىگەچكە ئويلىنىپ كەتمەيلا ماقۇل بولدى. كىنو قويۇش باشلانغاندىن كېيىن ئاندىن كىنونىڭ ياخشى نەرسە ئەمەسلىكىنى، ھامان ئاپەت ئېلىپ كېلىدىغانلىقىنى، ئاۋام ئارىسىغا پاراكەندىچىلىك سالىدىغانلىقىنى ھېس قىلىپ، كىنو قويۇشنى توختىتىشقا بۇيرۇق قىلدى ھەمدە ماشىنا-ئۈسكۈنىلەرنىڭ ھەممىسىنى مۇسادىرە قىلىپ پېچەتلىدى. مەسئۇد قاتتىق ئاچچىقلانغان بولسىمۇ ئامالى بولمىغاچقا بۇيرۇققا ئىلاجسىز بويسۇنۇپ، دوختۇرخانا ئېچىش، تەربىيىلەش ئىشلىرىنى داۋاملاشتۇرىۋەردى.

## رېئاللىق تەرىپىدىن غىدىقلانغان ۋە كۆچىيىۋاتقان رەزىل نىيەت– زوراۋانلىق بىلەن ھوقۇق تارتىۋېلىش

1928- يىلى 7- ئاينىڭ 7- كۈنى، ياڭ زېڭشىن ئىچكى قىسمىدىكى ھوقۇق تالىشىش كۈرىشىدە يوشۇرۇن ئۆلتۈرۈلدى. بۇ ۋاقىتتا خەلق ئىشلىرى نازىرى— گەنسۇ خېجۇلۇق جىن شۇرېن ناھايىتى تېزلا ھاكىمىيەت ئورنىغا چىقتى. جىن شۇرېن ئىرادىسى ئۇلۇغ، قابىلىيىتى ئاجىز ، ئاچكۆز ئادەم ئىدى. ئۇ ئەمدىلا ھاكىمىيەت بېشىغا چىققاندا بار كۈچى بىلەن ياڭ زېڭشىننىڭ سىياسەتلىرىنى دوراپ، ئۆز ئەينى قوللىنىپ، شىنجاڭدا ئوتتۇرا ئەسىردىكى ئىجتىمائىي فورماتسىيىسىدەك بۇرۇقتۇرمىلىقنى داۋاملاشتۇرۇپ كەلدى. ئەمما ئۇ ياڭ زېڭشىندەك تالانتلىق ئەمەس ئىدى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە ۋەزىيەت ئۆزگىرىۋاتقان، جەمئىيەت تەرەققىي قىلىۋاتقان ۋاقىتتا ئۇنداق كونا تۈزۈمنى ساقلاپ قېلىش مۇمكىن

ئەمەس ئىدى. ئۆزىنىڭ ئورنىنى مۇستەھكەملەش ئۈچۈن ئۇ ئاۋۋال مەخپىي ساقچى كۈچىنى كۈچەيتىپ، ئارقىدىنلا ئەسكەر كۆپەيتتى. ئادەم ئىشلىتىش جەھەتتە، ئۆز يېقىنلىرىنىلا ۋەزىپىگە قويۇپ، ئۆزىنىڭ تۇغقانلىرى ۋە گەنسۇ خېجۇلۇقلارنى زور ھەجىمدە ئۆستۈرۈپ مۇھىم ئورۇنلارغا قويدى. شۇنىڭ بىلەن پەمسىز ۋە ئاچكۆز جىن شۇرېننىڭ بايلىق توپلىشى باشلاندى.

جىن شۇرېننىڭ ۋەزىيەتكە ماس كەلمەيدىغان نادانلارچە ھۆكۈمرانلىقى ۋە ئۆزى بىلگەنچە زورلۇق بىلەن ئالۋان-ياساق سېلىشى جەمئىيەتتە ئومۇمىيۈزلۈك تەسىر قوزغاپ قارشىلىق كەلتۈرۈپ چىقاردى. 1929- يىلدىن باشلاپ بۇنداق قارشىلىقلار ئارقا-ئارقىدىن يۈز بېرىپ، 1931- يىلغا كەلگەندە ئاخىرى قۇمۇل قوزغىلىڭى پارتلاپ، ئۇرۇش مالىمانچىلىقى ناھايىتى تېزلا پۈتۈن شىنجاڭنى قاپلىدى.

ۋاقىت سۇدەك ناھايىتى تېزلا ئۆتۈپ كەتتى. مەسئۇد بۇ ۋاقىتتا ئەمدىلا جۇڭگوغا قايتىپ كەلگەن ۋاقىتتىكى تەجرىبىسىز ياشتىن ئوتتۇرا ياشقا قەدەم قويغان ئىدى. ئۇ نەچچە 10 يىلدىن بۇيان ھېچ ئىشنى ۋۇجۇدقا چىقىرالمىغان ھاياتىنى خىيال قىلىپ قالاتتى، ئۆزىنىڭ ئارزۇ- ئارمان، غايىلىرىنى ئەمەلگە ئاشمايلا قالماستىن ھەتتا مەكتەپ ئېچىش ئىشىمۇ ئارقا-ئارقىدىن ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچرىدى. گەرچە دوختۇرخانا ئېچىپ خېلى يۇقىرى نامغا ئېرىشكەن بولسىمۇ، بۇ ئۇنىڭ دەسلەپكى ئارزۇسى ئەمەس ئىدى. پۈتۈن ئۆمرىنى بۇ ئىشلار بىلەن ئۆتكۈزۈۋېتىشنى خالىمايتتى. مەكتەپنى داۋاملىق ئېچىۋاتقان بولسىمۇ، ئوقۇتۇش مەزمۇنلىرىنى خىيالىغا كەلگىنچە كەڭ-كۇشادە سۆزلىيەلمەيتتى. تېخىمۇ ئېھتىياتچان بولمىسا بولمايتتى. مەكتەپ ئېچىش ئۈچۈن ئۇ ئىلگىرى-كېيىن بولۇپ دايىت (ئىلى دائىرىلىرى باستۇرغان پەقەت ئىلى دائىرىسىدىلا ئوبروت قىلىش بىلەنلا چەكلىنىدىغان يەرلىك پۇل) پۇلىدىن نەچچە ئونمىڭ سەر مەبلەغ سالغان بولسىمۇ، ھېچقانداق كۆرۈنەرلىك ئۈنۈمىنى كۆرمىگەن ئىدى. مۇشۇ ھالەتتە كېتىۋېرىدىغان بولسا ئۇنىڭ ئارزۇ- ئارمانلىرى ئىشقا ئاشمىغان بولاتتى. ئۇ ياڭ زېڭشىننىڭ ھەيۋە بىلەن ئىسكەنجىسىگە ئېلىنىشىغا ئۆچ بولسا، جىن شۇرېننىڭ گەپتىن-گەپ چىقىرىپ قاقتى-سوقتى قىلىشىدىن بىزار بولغان ئىدى.

مەسئۇد چىداپ تۇرالمىدى. ئۇنىڭچە بۇنداق تەدرىجىي ئىلگىرلەش تېپىدىكى تەشۋىقات بىلەن شۇغۇللانغاندا ئۇزاق ۋاقىت كېتەتتى. ئۇ غايىلىرىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن بىر سەھنىگە ئېھتىياجلىق ئىدى. غىدىقلىنىۋاتقان ۋە كۈچىيىۋاتقان سىياسىي ياۋۇز نىيىتىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن ئۇ زوراۋانلىق بىلەن ھوقۇقنى قولغا كەلتۈرۈشنى ئويلاشقا باشلىدى. جىن شۇرېننىڭ نادانلارچە يۈرگۈزگەن ھاكىمىيىتى ئۇنى بۇ خىل پۇرسەت بىلەن تەمىنلىدى. 1929 ـ يىلدىن باشلاپ ئۇ شىنجاڭنىڭ ھەرىكەت ھالىتىگە يۈكسەك ئەھمىيەت بېرىشكە باشلىدى. 1931 ـ يىلدىكى قۇمۇل قوزغىلىڭىدىن كېيىن، ئۇ زېھنىنى جەنۇبى شىنجاڭدىكى بىر نەچچە ئۇيغۇر دېھقانلىرى قوزغىلىڭىنىڭ داھىيسى بولۇشقا مەركەزلەشتۈردى.

قوزغىلاڭ كەلتۈرۈپ چىقارغان قالايمىقان ئۇرۇشلار ناھايىتى تېزلا پۈتۈن شىنجاڭنى قاپلىدى. قۇمۇل قوزغىلىڭىنىڭ يولباشچىسى خوجىنىياز ھاجى قالايمىقان ئۇرۇشلار ئىچىدە تېزدىن باش كۆتۈرۈپ چىقىپ، جەنۇبى ـ شىمالى شىنجاڭدىكى ئۇيغۇر قوزغىلاڭچىلىرى ئىچىدە ھۆرمەتلىنىپ، مەنىۋى داھىيغا ئايلاندى. ئەمما مەسئۇد كۆزىتىش ئارقىلىق: خوجىنىياز ھاجى گەرچە ھەج تاۋاپ قىلىپ كەلگەن، دىنى سەرگۈزەشتىگە ئىگە ئادەم بولسىمۇ ئەمما ئۇنى سىياسىي كۆز قارىشى يوق سۈيىئىستىمالچى دېيىشكە بولىدۇ، چۈنكى قالايمىقان ئۇرۇشلار داۋامىدا ئۇ ئۆزىنىڭ سىياسىي تەشەببۇسىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ باقمىدى. ئەمما ئۇنىڭ قول ئاستىدا شىتاپ باشلىقلىق ۋەزىپىسىنى ئۆتەۋاتقان دېۋىزىيە كوماندىرى ماموت (سىجاڭ) نىڭ ئەمەلى كۈچى بار ئادەم، ئۇ تەقۋادار مۇسۇلمان بولۇپلا قالماستىن يەنە پۇللۇق باي. ئۇ ماڭا ئوخشاشلا سوۋېت ئىتتىپاقىغا ئەزەلدىن ئۆچ، چۈنكى سوۋېت ئىتتىپاقى كوممۇنىزمنى تەشەببۇس قىلىدۇ. كوممۇنىزم بولسا دىنغا قارشى تۇرىدۇ. ئەكسىچە ئويلىغاندا، پانتۈركىزم، پانئىسلامىزمنى ئەسلىدىنلا ياقتۇرىدۇ. ھازىرقى ۋەزىيەتتىن قارىغاندا ئەگەر ماموتنىڭ تەرەققىياتى ئۇگۇشلۇق بولسا تەستە تاپقىلى بولىدىغان جارچىم بولۇپ قالىدۇ، دەپ قارىدى. مەسئۇد نىشانىنى توغرىلاپ بولغاندىن كېيىن، دوختۇرخانا ۋە مەكتەپ ئىشلىرىنى بىر چەتكە قايرىپ قويۇپ، ماموتنىڭ قويىنىغا ئۆزىنى ئاتتى. مەسئۇد گەرچە تىببىي ئۇنۋانغا ئېرىشكەن

بولسىمۇ، ئەمما تۈركىيەدە دەسلەپتە ھەربىي مەكتەپتە ئوقۇپ، ھەربىي مەشىق قوبۇل قىلىپ، چېنىققان ئىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ ھەربىي ئىشلاردىكى بىلىملىرى ۋە پانتۈركىزم، پانئىسلامىزم نەزەرىيىلىرى بىلەن ماھۇتقا خىزمەت قىلىسىلا، ئۇنىڭدىن پايدىلىنىپ ئۆزىنىڭ سىياسىي نىشانىنى ئەمەلگە ئاشۇرالايتتى.

مەسئۇدنىڭ كەلگىنىگە ماھۇت سىجاڭ ناھايىتى قىزغىن ئىپادە بىلدۈردى. بۇ ئىككىيلەننىڭ سىياسىي غەرىزى ئاساسى جەھەتتىن ئوخشاش بولغاچقا، مەسئۇد ناھايىتى تېزلا ماھۇتنىڭ ھەربىي ۋە سىياسىي ئىشلاردىكى مەسلىھەتچىسى بولدى. شۇنىڭدىن باشلاپ مەسئۇد ماھۇتقا چىقىش يولى تېپىش ئۈچۈن باش قاتۇردى. ئۈيلىمىغان يەردىن شىنجاڭنىڭ ۋەزىيىتىدە داۋالغۇش بولۇپ، 1933 ـ يىلى 4 ـ ئايدا «12 ـ ئاپرېل» سىياسىي ئۆزگىرىشى يۈز بېرىپ، جىن شۇرېن ھاكىمىيىتى ئاغدۇرۇلۇپ، شېڭ شىسەينىڭ ئامىتى كېلىپ، ئۆلكە باشلىقلىق ئورنىغا ئولتۇردى؛ تېخىمۇ يامان بولغىنى سوۋېت ئىتتىپاقى شېڭ شىسەيگە ياردەم بېرىپ گەنسۇ مىللىتارىستى ما جوڭيىڭ بىلەن يەرلىك قوزغىلاڭچىلارنىڭ رەھبەرلىرىگە بىرلىكتە ئىختىلاپ سالدى، ما جوڭيىڭ جەنۇبىي شىنجاڭغا بىر قەدەم چېكىنىشكە مەجبۇر بولدى. ئەمما خوجىنىياز بۇ ۋاقىتتا شېڭ شىسەينى تەبئىيلا ئېتىراپ قىلىپ بولغان ئىدى.

بۇ ۋاقىتتا كېرىيە، قاراقاش ئالتۇن كېنى قوزغىلىڭىدىكى مەھەممەت ئىمىن، سابىت داموللا قاتارلىق پانئىسلامىزم، پانتۈركىزمچىلار جۇڭگونى پارچىلاش ھەرىكەتلىرىگە جىددىي كىرىشىپ كەتكەن ئىدى. ئۇلار بەزى قارا نىيەتلەر بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ، 1933 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى «شەرقى تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى» قۇرۇلغانلىقىنى جاكارلاپ، خوجىنىياز ھاجىنى زۇڭتۇڭلۇققا تەكلىپ قىلدى. مەسئۇد بىلەن ماھۇت خوجىنىيازنىڭ سوۋېتلىكلەرنىڭ مۇرەسسەسىنى قوبۇل قىلىپ شېڭ شىسەي ھاكىمىيىتىنى ئېتىراپ قىلغانلىقىدىن ھەمدە جەنۇبىي شىنجاڭ گارنىزون شتابىغا ۋەزىپىگە تەيىنلەنگەنلىكىنى قوبۇل قىلغانلىقىدىن ئوخشاشلا رازى بولمىدى. بىراق بىر مەزگىل ئۆتكەندىن كېيىن سابىت داموللىنىڭ يېنىغا تارتىشى ۋە نەسىھىتى بىلەن ئاتالمىش «شەرقى تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتىنىڭ زۇڭتۇڭى» ۋەزىپىسىنى ئۆتەشكە

قوشۇلۇپ، قوللايدىغانلىقىنى بىلدۈردى. ئارقىدىنلا يەنە ماموت بىلەن بىرلىكتە ئۈچ مىڭدىن ئارتۇق قوشۇننى باشلاپ، ئاقسۇدىن قەشقەرگە بېرىپ ما جەنساڭغا ھۇجۇم قىلىشنى تەشەببۇسكارلىق بىلەن تەلەپ قىلدى.

ئەسلىدە بۇ نىڭدىن ئىلگىرى جەنۇبى شىنجاڭنىڭ ۋەزىيىتىدە زور ئۆزگىرىش يۈز بەرگەن بولۇپ، شېڭ شىسەي قوشۇننى يۇقۇتۇش ئىتتىپاقىنىڭ ئىچكى قىسمىدا ئىچكى توقۇنۇش يۈز بەردى: ئەسلىدە شېڭ شىسەي قوشۇننى يۇقۇتۇش ئىتتىپاقىنىڭ ئاساسى كۈچى بولغان ما جەنساڭ، ما جوڭيىڭنىڭ بۇيرۇقىغا بىنائەن قەشقەرگە كەلگەندىن كېيىن قوزغىلاڭچىلار قوشۇنىنىڭ ئىككى كۈچلۈك قىسمى تۆمۈر بىلەن ئوسمانمۇ قەشقەرگە كىرگەن ئىدى. بۇ ئىككى قوشۇن خوتەن تەرەپتىن كىرگەن بۆلگۈنچىلەر سابىت داموللا، ئىمىنلارنىڭ ئۆزگە تارتىش ئوبيېكتى ئىدى. ما جەنساڭ قىسمى قەشقەردىكى شېڭ شىسەي قوشۇنىنىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچراش بىلەن بىر ۋاقىتتا بۇ پانتۇركىسلارنىڭ چەتكە قېقىشىغا ئۇچرىغاچقا، ئۆلكىدىن ئەۋەتىلگەن يەرلىك ئوفىتسېر ما شىياۋۋۇ بىلەن ماسلىشىشنى خالايتتى. يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان سابىت داموللا، ئىمىن، تۆمۈر، ئوسمان قاتارلىقلارنىڭ بۇ يەردە پۈت تىرەپ تۇرۇشىغا يول قويمايتتى، شۇڭا بۇ بىر نەچچە قېتىم ئەۋەتىلگەن كۈچلەرنىڭ بىرلەشمە ھۇجۇمىغا ئۇچرىدى. ماموت يېتەكچىلىكىدىكى قىسىم قەشقەرگە كەلگەندىن كېيىن «شەرقى تۈركىستان مۇستەقىل دۆلىتى»نىڭ بىر ئۇچۇم بۆلگۈنچىلىرى «دۆلەت قۇرۇش» قۇراللىق قىسمىدىكى مۇھىم قىسمىغا ئايلاندى.

«شەرقى تۈركىستان مۇستەقىل دۆلىتى»نى تېزدىن قۇرۇپ چىقىش ئۈچۈن ماموت سابىت داموللىنىڭ بۇيرۇقىغا بىنائەن ئۆزىنى قەشقەرنىڭ باش قوماندانى قوشۇمچە شتاب باشلىقى دەپ ئاتىۋالغان ئوسمان بىلەن بىرلىشىپ يېڭىشەھەر قورغىنىدا تۇرىۋاتقان ما جەنساڭغا ھۇجۇم قىلدى. گەرچە ئۇلارنىڭ ئادەم كۈچى كۆپ بولسىمۇ (ئىككىسىنىڭ بىرلەشكەن ئەسكىرى 6 ـ 7 مىڭغا يېتەتتى) ئۇدا بىر نەچچە ئاي ئۇرۇشۇپ يېڭىشەھەرنى ئالالمىدى. ماموت ئۆزى ئاقسۇغا كېلىپ خوجىنىياز قىسمىنىڭ يېڭىشەھەرگە قورشاپ ھۇجۇم قىلىپ، ئاندىن قورچاق زۇڭتۇڭ بولۇشقا

نەسىھەت قىلدى.

1934 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى خوجىنىياز ماھۇتنىڭ قوغدىشى ئاستىدا قەشقەرگە كېلىپ، ما جەنساڭنى قورشاش كۆرۈشكە ئاتلاندى. ئەمما يەنىلا مەغلۇپ بولدى. مەسئۇد گەرچە پىلاننى ئاشكارىلىغان بولسىمۇ ئۆز تەكلىپىنى پائال قوللىنىشقا ھامان ئامالسىز ئىدى. ئۇ ئامالسىزلىق ئىچىدە: بۇ شەھەرنى قورشاش قوماندانىنىڭ ساپاسى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىش، دېدى. ئالدى بىلەن ماھۇت بىر ئەسەبىي دىنى مۇرت بولۇپ گەرچە نىسبەتەن كۈچلۈك تەشكىللەش ئىقتىدارى بولسىمۇ ئەمما ناھايىتى قوپال ئىدى. ئاسان ئىككىلىنىپ، ھالقىلىق ئىشلاردا ھەمىشە مەسلىھەتچىلەرنىڭ پىكرىنى رەت قىلاتتى. مەسىلەن: يېڭىشەھەرنى قورشاپ يوقىتىش ۋاقتىدا ئۇ بەزى مۇھىم ئورۇنلارنى ئىگىلىۋالغان ۋاقىتتا قۇربان ھېيت كېلىپ قالدى، ئاقىللارنىڭ پىكرى بويىچە ئۇرۇش قىلىپ غەلبە قازىنىشى كېرەك ئىدى، ئەمما ماھۇت نەسىھەتنى ئاڭلىماي قىسمىنى توپلىشىپ ناماز ئوقۇشقا بۇيرۇق قىلدى. نەتىجىدە ئىشغال قىلىنىپ بولغان بازىلارمۇ قايتىدىن دۈشمەننىڭ قولىغا ئۆتۈپ كەتتى؛ ئىككىنچىدىن، ماھۇتنىڭ ھۇجۇمچىلار بىلەن بىرلىشىش روھى كەمچىل بولۇپ، ئۇ ھەمىشە چەتكە قاقاتتى، ئايرىم ئۇرۇشۇشنى خالايتتى. ھوقۇقنى قولغا كەلتۈرۈشنى ئويلاپ ئاز كۈچ چىقىرىپلا ئەمەلدار بولۇشنى خالاپ، پۈتۈن كۈچى بىلەن ھۇجۇم قىلىشنى ئويلىشىپ باقمىغان ئىدى. خۇددى ئەنگلىيىنىڭ قەشقەردە تۇرۇشلۇق كونسۇلى فىتسمورىسنىڭ بايانىدا ئېيتىلغاندەك «ماجەنساڭ، تۆمۈر، ئوسمانلارنىڭ ھەممىسىنىڭ ئوخشاشلا ئەسكىلىك قىلىش يەنى بايلىق توپلاش، خوتۇن توپلاش پىلانى بار ئىدى»، يەنە كېلىپ ئەسكەرلەرنىڭ كۆپىنچىسى دېھقانلار بولۇپ، ئاتالمىش «دىننى قوغداش» بايرىقى ئاستىدىكى بۇ جەڭلەردە ئۆزىنىڭ جېنىنى سېلىپ بېرىشنى خالىمايتتى؛ شۇنىڭ بىلەن بىرگە مۇنتىزىم مەشقلەنمىگەن بولغاچقا ئاساسىي جەھەتتىن قالايمىقان ھەرىكەتلەرنى قىلاتتى. ئادەم سانى كۆپ بولسىمۇ جەڭگىۋارلىق كۈچى ئاجىز ئىدى.

مەسئۇد گەرچە ئەسكەرلەرنى باشلاپ ئۇرۇش قىلمىغان بولسىمۇ ھەربىي ئىشلاردىن ساۋاتى بولغاچقا ئۇمىدلىك يۈردى. مۇشۇ قېتىمقى قوزغىلاڭدا زور غەلىبىلەرنى قولغا كەلتۈرۈپ، كۈچلۈك قوراللىنىش ئارزۇسى

بار ئىدى. ئەمما بىر نەچچە قېتىملىق ئۇرۇشتىن كېيىن ئۇ ئارقا ـ ئارقىدىن ئۈمىدسىزلەندى. پەقەت بۇ ئادەملەرگە تايىنىپ قان كېچىپ ئۇرۇش قىلغان بىلەن زور نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرگىلى بولمايتتى. شۇڭا ئۇ ماھۇتقا نەنجىڭدىكى گومىنداڭ ھۆكۈمىتى بىلەن ئالاقىلىشىپ ئۇلارنىڭ قوللىشىنى قولغا كەلتۈرۈش، غەلىبە قىلىپ رەسمىي ۋەزىپىگە ئولتۇرغاندىن كېيىن ئۆزىنىڭ سىياسىي مۇددىئاسىنى ئىشقا ئاشۇرۇشنى ئويلاش تەكلىپىنى بەردى. ماھۇت قارشى تۇرمىغان بولسىمۇ ئەمما ھەرىكەتنى ئارقىغا سوزدى. مەسئۇد خاتىرجەمسىزلىنىپ «شەرقى تۈركىستان مۇستەقىل دۆلىتى» ئەمدىلا باش كۆتۈرۈپ چىقىۋاتقاندىن كېيىن ئىچكى قىسمىدىكى كۈچلەر ھوقۇققا ئانچە قىزىقىپ كەتمەيدۇ. شۇلارغا تايىنىپ «شەرقى تۈركىستان چۈشىنى ئىشقا ئاشۇرۇش بىھۇدە ئىشلىگەنلىك ئەمەسمۇ» دەپ ئويلىدى.

ئەلۋەتتە خوجىنىياز قەشقەرگە بېرىپ ئون كۈن بولمايلا ما جوڭيىڭنىڭ ئاساسلىق قىسمى يېتىپ كەلدى. ئۇ سوۋېت ئىتتىپاقى قوللاۋاتقان شىڭ شىسەي قوشۇنىنىڭ ھەيدىشى بىلەن، جەنۇبىي شىنجاڭغا كەلگەن بولۇپ، گەرچە سوۋېت ئىتتىپاقى قوللاۋاتقان شىڭ شىسەيگە تاقابىل تۇرالمىسىمۇ ئەمما قەشقەرگە كەلگەن ئالدىنقى مەزگىلدە ئارقا ـ ئارقىدىن غەلىبە قىلدى. ئۇلار قەشقەر چېگرىسىغا كەلگەندە قوزغىلاڭچى قوشۇنىنىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچراپ، شۇنىڭ بىلەن ئىككى تەرەپ ئاتۇشتا قانلىق جەڭ قىلدى. خوجىنىياز قىسمى بىلەن ئالدىنقى قېتىم ھۇجۇم قىلىنغان ما جەنساڭ بىرلەشمە ئارمىيىسى بىرلىكتە قارشى تۇرغان بولسىمۇ ما جوڭيىڭنىڭ كۈچلۈك قوشۇنىغا تەڭ كېلەلمەي قېلىپ، ئاخىرىدا ئۆزۈل ـ كېسىل يېڭىلىپ، قەشقەردىن قېچىپ كەتتى. 1934 ـ يىلى 2 ـ ئايدا قۇرۇلغىنىغا ئۈچ ئاي بولغان ئاتالمىش «شەرقى تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى» ما جوڭيىڭ تەرىپىدىن ئاغدۇرۇلۇپ، ۋەيران بولغانلىقى جاكارلاندى. ئاتالمىش زۇڭلى سابىت داموللا قاتارلىق تايانچ ئەزالىرى شىڭ شىسەي بىلەن كېلىشكىنى بويىچە خوجىنىياز ھاجى تەرىپىدىن قولغا ئېلىندى. خوجىنىياز بىلەن ماھۇت شىڭ شىسەينىڭ بەرگەن ۋەزىپىسىنى قوبۇل قىلىپ، بىرى ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، يەنە بىرى 6 ـ دىۋىزىيىنىڭ قوماندانى بولدى. مۇشۇنداق ۋەزىيەت ئالدىدا مەسئۇد

ئۈمىدسىزلىنىپ ھېچ ئىش قىلىشنى خالىمىدى. ئەمما ئەتراپىدىكى ۋەزىيەت ئالدىدا ئامالسىز قىلىپ، نائىلاجلىقتىن ئۈمىسىزلىنىشقا مەجبۇر بولدى.

شىڭ شىسەي سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ قوللىشىغا تايىنىپ، ئۆزىگە قارشى بىرلەشمە ئارمىيىنى مەغلۇب قىلىپ شىنجاڭنى بىرلىككە كەلتۈردى. 1934 ـ يىلى يازدا خوجىنىياز ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ مۇئاۋىن رەئىسلىك ۋەزىپىسىگە ئولتۇرغاندىن كېيىن شىڭ شىسەي سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ نۇرغۇن ھەربىي ئىشلىرى مەسلىھەتچىلىرىنى قەشقەرگە تەكلىپ قىلىپ، ماھمۇتنىڭ 6 ـ دىۋىزىيىسىدە مەشىق ئېلىپ باردى. مەسئۇد بىر تەرەپتىن سوۋېت ئىتتىپاقىغا يەنە بىر تەرەپتىن كومپارتىيىگە قارشى تۇرغاچقا سوۋېت ئىتتىپاقى كۈچلىرىگە تايىنىشتىن شىڭ شىسەيگە ھېچقانداق ياخشىلىق كەلمەيدىغانلىقىنى بىلەتتى. سوۋېت ئىتتىپاقى تەسىرىنىڭ كۈندىن ـ كۈنگە كۈچىيىۋاتقانلىقىنى، يەنە كېلىپ سوۋېت ئىتتىپاقى مەسلىھەتچىلىرىنىڭ ھەممە جايدا تۇرىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، ئۇ باش پاناھ بولىدىغان جاي تاپالمىدى. شۇنداق قىلىپ 1934 ـ يىلى باش كۈزدە ماھمۇتقا ئىستىپا بېرىپ، ھىندىستان ئارقىلىق نەنجىڭگە كەلدى. يولغا چىقىشتىن ئىلگىرى ئۇ يەنە ماھمۇتقا ياردەم قىلىشنى ئويلاپ، ئۇنىڭغا چارە تېپىپ نەنجىڭ مەركىزى ھۆكۈمىتى بىلەن ئالاقىلىشىپ ئۇلارنىڭ قوللىشىنى قولغا كەلتۈرۈش تەكلىپىنى بەردى. مۇشۇنداق قىلغاندىلا ئەسلىدىكى ئورنىنى ساقلاپ كېيىن يەنە پۇرسەت كۈتۈپ تۇرۇپ، تەرەققىياتنى قولغا كەلتۈرگىلى بولاتتى. ماھمۇت گەرچە نەنجىڭگە ئادەم ئەۋەتكەن بولسىمۇ نەتىجىسى ئويلىغاندەك بولمىدى. ئارقىدىن قىسمىدىن چېكىنىپ ۋەتەننى پارچىلاش پاتقىقىغا تېخىمۇ چوڭقۇر پېتىپ قالدى.

## شىنجاڭدىن قېچىپ چىقىپ، شىڭ شىسەينىڭ قىياپىتىنى ئاشكارىلاپ، ئۆزىگە گۇيپاڭچى ئىزلەش

ھىندىستانغا تۇتىشىدىغان يول قەدىمكى يىپەك يولى بولۇپ يىراق ھەم ئېگىز ـ پەس ئىدى. مەسئۇد جەنۇبى شىنجاڭدىن ئايرىلغاندىن كېيىن بۇ قەدىمى يولنى بويلاپ، قۇملۇقلاردىن ئۆتۈپ، ساھىللارنى

بىسپ، تاغ- داۋانلاردىن ئېشىپ، بىر نەچچە ئايلىق جاپالىق سەپەردىن كېيىن 1934- يىلى 10- ئاينىڭ ئاخىرىدا ھىندىستاننىڭ كالكۇتتاغا يېتىپ باردى. بۇ يەردە بىر مەزگىل ئارام ئېلىۋالغاندىن كېيىن، پىكىر يولىنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ، نەنجىڭگە سەپەر قىلدى.

ئۇ ئاۋۋال ھىندى ئوكياندىن پاراخوتقا ئولتۇرۇپ، مالاككا بوغۇزىدىن ئۆتۈپ، سىنگاپور ئارقىلىق يەنە غەربىي بويلاپ تىنچ ئوكياننىڭ شىمالىغا بىرىپ، ئاخىرى 1934- يىلى 11- ئاينىڭ ئاخىرلىرىدا تىيەنجىنغا كەلدى. نەنجىڭدە تۇرۇۋاتقان شىنجاڭلىق يۇرتداشلىرى بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغاندىن كىيىن دەرھال نەنجىڭگە باشلاپ كېلىشكە ئادەم ئەۋەتتى ھەمدە ئۇنى نەنجىڭ ھۆكۈمىتىگە تونۇشتۇرۇپ، ناھايىتى يۇقىرى ھۆرمەتكە ئېرىشتۈردى. بۇ ئەھۋال سەرسان- سەرگەردانلىقتا يۈرگەن مەسئۇدنى پەۋقۇلئاددە تەسىرلەندۈرۈپ، سەپىرىنىڭ بىھۇدە بولمىغانلىقىنى، ياخشى باشلانغانلىقىنى ھېس قىلدۇردى.

مەسئۇدنىڭ نەچچە مىڭ چاقىرىم يولغا قارىماي نەنجىڭگە كېلىشى مۇنداقلا ھاياجانلانغانلىقىنى بولماستىن بەلكى چوڭقۇر ئويلانغاندىن كىيىن چىقارغان قارارى بولۇپ، ئۆزىنىڭ سىياسىي غايىسىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن تۈزگەن سىستېمىلىق پىلانلىرىنىڭ بىر قىسمى ئىدى. 20 يىلغا يېقىن ئۇرۇلۇپ- سوقۇلۇپ يۈرگەن رىيال تۇرمۇشىدا ئۇنىڭ ئىدىيىسى كۆندىن-كۈنگە پىششىپ يېتىلىپ، رېئاللىقا ئايلىنىدىغاندەك تۇراتتى. ياش ۋاقتلىرىدا «ياش تۈرك پارتىيىسى» نىڭ تەسىرىگە ئۇچراپ، شىنجاڭدىكى تۈركى تىلىدا سۆزلىشىدىغان مىللەت -لەرنىڭ تۈركىيە خەلقىگە ئوخشاشلا پانتۈركىزم ئىدىيىسىنى قوبۇل قىلىشىنى، بىر نەچچە مەكتەپ ئېچىپ، تولۇپ-تاشقان قىزغىنلىق بىلەن دەرس سۆزلەپ، ئەل- جامائەتنىڭ ئىززەت- ھۆرمىتىگە ئېرىشكەن ھالدا ئۇلارنى ئەتراپىغا ئۇيۇشتۇرۇپ، بىر چاقىرىق بىلەن ھەممىنى تەڭ ھازىر قىلىپ، ئۆزىنىڭ سىياسىي غايىسىنى رېئاللىقا ئايلاندۇرۇشنى تەقەززالىق بىلەن كۈتكەن ئىدى.

ئەمەلىيەتتە، ئۇ جان كۆيدۈرۈپ ئىشلەپ، نەچچە تۈمەن سەر كۈمۈش سەرپ قىلىپ، ئىلگىرى-كىيىن بولۇپ بىر نەچچە مەكتەپ ئاچقان

بولسىمۇ، كۆزلىگەن ئۈنۈمگە ئېرىشەلمىدى. ئەكسىچە، ئۇيغۇر قېرىنداشلار بىلەنمۇ چىقىشالماي، تۇرلۇك شەكىلدىكى چەكلىمە ۋە قارشىلىققا دۇچ كەلدى.

1931 ـ يىلى جىن شۇرېنغا قارشى قوزغىلاڭلار تېز ئۇلغىيىپ، قەھرىمانلار ئارقا ـ ئارقىدىن مەيدانغا چىقىپ، خوجىنىياز، ئوسمان، تۆمۈر، مامۇت، سابىت داموللا، مەھەممەت ئىمىن... لار ئۆز كارامەتلىرىنى كۆرسىتىپ باقتى. جىن شۇرېن ھۆكۈمىتىنىڭ تەۋرىنىپ قالغانلىقى ئۇنى ئىنتايىن خۇشال قىلىپ، غايىسىنى ئىشقا ئاشۇرىدىغان پۇرسەت كەلدى دەپ قارىدى. ئۇ ئائىلىسىدىن ئايرىلىپ نەنجىڭگە كەلگەندىن كېيىن بۇ «قەھرىمان»لار بىلەن يېقىن ئارىلىقتا ئۇچراشقان ۋاقتىتىلا ئاندىن بۇلارغا ئىشىنىشكە بولمايدىغانلىقىنى، گەرچە ئۇلار سىرتقى جەھەتتىن ئىسلام بايرىقىنى كۆتۈرۈۋېلىپ، ئىچكىرىدا «شەرقى تۈركىستان» قۇرۇشنى ئېيتىپ يۈرسىمۇ ئەمەلىيەتتە نام ـ مەنپەئەتكە مەپتۇن بولغان ئەقلىدىن ئازغانلار ئىكەنلىكىنى، ئۇلاردا ئېتىقادنىڭ يوقلۇقىنى، پەقەت قالايمىقانچىلىق ئىچىدىن توقاچ ئوغرىلاشنى نىيەت قىلغانلىقىنى، ھەممىسى كىچىككىنە مەنپەئەت ئۈچۈن ئۆز ئىچىدە ئۇرۇشىدىغانلىقى ھەتتا بىر بىرسىنى سېتىشتىن يانمايدىغانلىقىنى بايقىدى. ئۇ ئۈمىدسىزلىك ئىچىدە نەنجىڭ مەركىزى ھۆكۈمىتىگە نەزىرىنى ئاغدۇردى.

ئەينى ۋاقىتتىكى مىللىي ھۆكۈمەت ئۆزىنى سۈن جۇڭشەننىڭ ئۈچ مەسلىكىنى ئىجرا قىلغۇچى ھېسابلاپ، ھەممە مىللەت بابباراۋەر ، ئاجىز مىللەتلەرگە ياردەم بېرىپ، ئۇلارنى خەلقئارادىكى باراۋەر ئورۇنغا چىقىرىش كېرەك دېگەننى تەشۋىق قىلىۋاتاتتى. ئەگەر شىنجاڭدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنى «ئۈچ مەسلەك» نىڭ قانات ئاستىغا ئالدۇرۇش ئىمكانىيىتى بولسا كۈچلۈك شىڭ شىسەينىڭ «ئاشكارا» ھالدىكى سوۋېت ئىتتىپاقى ئەندىزىسى ئاستا ـ ئاستا ئىنقىلابقا سۆرەپ كىرىش ئېھتىمالى بار ئىدى. مۇشۇنداق تونۇش ئاستىدا ئۇ شىنجاڭدىن ئايرىلىش ھارپىسىدا ئۆزىنىڭ تۈركىيىدە ئوقۇۋاتقان ئوغلىنى نەنجىڭ مەركىزى ئۇنىۋېرسىتېتىغا يۆتكىگەن ئىدى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە يەنە ئىككى جىيەن ئوغلىنىڭ بىرسىنى نەنجىڭ مەركىزى ئوفىتسېرلار مەكتىپىگە، يەنە بىرسىنى مەركىزى ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ خەنزۇ تىلىنى كۈچەيتىش بويىچە شىنجاڭ سىنىپىغا

ئوقۇشقا ئەۋەتتى. ئۇنىڭ بۇنداق ئورۇنلاشتۇرۇشى ئۇلار ئارقىلىق گومىنداڭنىڭ ھەربىي ھالىتىنى ئىگىلەش بىلەن بىرگە مەركىزى ھۆكۈمەتنىڭ قوينىغا يوشۇرۇنۇش ئىدى.

ياڭ زېڭشىن يوشۇرۇن ئۆلتۈرۈلگەندىن كېيىن، مىللىي ھۆكۈمەت شىنجاڭنى كونتورۇل قىلىش ھوقۇقىنى مەركەزگە قايتۇرۇپ كېلىشنى پىلانلىغان ئىدى. كۈتۈلمىگەندە جىن شۇرېن فەن ياۋنەننى يوقۇتۇش داۋامىدا پۇرسەتنى ئىگىلىدى. جىن شۇرېن ھاكىمىيىتى ئاغدۇرۇلغاندىن كېيىن، گومىنداڭ ھۆكۈمىتى شىنجاڭدا ھەربىي بۇيرۇق، مەمۇرىي بۇيرۇقنى بىرلىككە كەلتۈرۈش پۇرسىتىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن مەمۇرىي مەھكىمە خۇاڭ مۇسوڭنى شىنجاڭغا ئەۋەتىپ، سىرتقى جەھەتتىن شىنجاڭدا تەشۋىقات ئېلىپ بېرىش ۋە ھال سوراش، شېڭ شىسەي ۋە ما جوڭيىڭ ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى تەڭشەش، ئەمەلىيەتتە پۇرسەت ئىزلەپ شىنجاڭنى كونتۇرۇل قىلىشنى مەقسەت قىلدى. ئەينى ۋاقىتتا شېڭ شىسەي سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ قوللىشى ئاستىدا خۇاڭ مۇسوڭنى نازارەت ئاستىغا ئېلىپ، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ بۇيرۇقىنى ئاڭلاشنى خالىمىغان ماجوڭيىڭنى جەنۇبى شىنجاڭدىن قوغلاپ چىقىرىپ شىنجاڭنى ئۆزىنىڭ چاڭگىلىغا ئېلىش نەيرەڭلىرىنى ئىشلىتىۋاتاتتى. مەركىزى نەنجىڭ ھۆكۈمىتى بۇ ۋەزىيەت ئالدىدا خۇددى كېكىرتىكىدە سۆڭەك تۇرۇپ قالغاندەك خاتىرجەمسىزلىنىۋاتاتتى.

خۇاڭ مۇسوڭ شېڭ شىسەينىڭ نەزەربەند قىلىشىغا ئىنتايىن ئاچچىقلاندى. ئۇ نەنجىڭگە قايتىپ مەركىزى موڭغۇل -زاڭزۇ كومىتېتى -نىڭ خىزمىتىنى ئۈستىگە ئالغاندا ھەمىشە مەمۇرىي مەھكىمىگە دوكلات بېرىش پۇرسىتىدىن پايدىلىنىپ تەدبىرچىلەرگە شىنجاڭنىڭ يېرىم مۇستەقىللىق ھالىتىگە بولغان ئەندىشىسىنى بىلدۈرۈپ تۇردى. خۇاڭ مۇسۇڭمو ۋە ۋاڭ جىڭۋېي قاتارلىقلار شىنجاڭنى مەركەزگە بويسۇندۇرۇش ئۈچۈن چوقۇم يەرلىك مىللەتلەردىن پايدىلىنىش كېرەك دەپ قارايتتى. شۇنىڭ بىلەن مەركەز تەسىس قىلغان نەنجىڭدىكى ئالى مەكتەپلەرگە شىنجاڭدىن ئەۋەتىلگەن ئوقۇغۇچىلارنى ئۆزىگە تارتىشقا دىققەت قىلدى. بۇ مەزگىلدە مەركىزى ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئوقۇۋاتقان، جىن شۇرېن مەزگىلىدە جۇڭگونىڭ تاشكەنتتە تۇرۇشلۇق ئەلچىخانىسىدا تەرجىمان بولغان ئەيسا

ئالىپتىكىن مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان ۋاقتىدا باغلىغان مۇناسىۋەتلىرىدىن پايدىلىنىپ، مەمۇرىي مەھكىمە باشلىقى ۋاڭ جۇگۇيىي ۋە باش كاتىپ چۇ مىنيىنىڭ ئىلتىپاتى ۋە قەدىرلىشى بىلەن خۇاڭ مۇسۇگغا ھەمراھ بولۇش سالاھىيىتىگە ئېرىشتى، ئۇ ئۇلار بىلەن بىرلىكتە شىنجاڭغا تەشۋىقات ۋە ھال سورىغىلى كەلدى، ئۇ نەنجىڭگە قايتقاندا ئۆز شتابىنىڭ چېگرا ئىشلىرى گۇرۇپپىسىغا مەسئۇل بولۇپ، گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنىڭ شىنجاڭنى كونتروُل قىلىش تاكتىكىچىلىرىنىڭ بىرسى بولۇپ قالدى.

ئەيسا خۇاڭ مۇسوڭنىڭ يېنىدا مەركەزنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش مەقسىتىنى بىلگەندىن كېيىن، نەنجىڭدىكى شىنجاڭلىق يۇرتداشلار ئۇيۇشمىسىدا ۋائىزخانلىق قىلىپ، يۇرتداشلار ئۇيۇشمىسىنىڭ نامىدا ئالايىتەن تىيەنجىنغا بېرىپ، مەسئۇدنى نەنجىڭگە ئېلىپ كەلدى. بۇ ۋاقىتتا مەسئۇدنىڭ كېلىشىنى ئۇنىڭ ئامىتى كەلگەنلىك دېسىمۇ بولاتتى. نەنجىڭ تەرەپ مەسئۇدنىڭ ئوقۇش تارىخى يۇقىرى بولۇپلا قالماي شىنجاڭدا مەكتەپ ئاچقان، دوختۇرخانا ئاچقان نامىنىمۇ بارلىقىنى، بولۇپمۇ سوۋېتقا، كومپارتىيىگە قەتئىي قارشى پوزىتسىيىسىنى بىلگەندىن كېيىن گۆھەر تېپىۋالغاندەك بولدى. مەسئۇد سىياسىي غايىسىنى ئىشقا ئاشۇرىدىغان يول تېپىش ئۈچۈن ئۆزىنىڭ پانتۈركىزم، پانئىسلامىزم نەزەرىيىسىنى ۋاقتىنچە يىغىشتۇرۇپ قويۇپ، ئۆزىنى شىنجاڭ خەلقىنىڭ ۋەكىلى ھېسابلاپ ، نەنجىڭ مەركىزى ھۆكۈمىتىگە ئۆزىنىڭ ياڭ زېڭشىن، جىن شۇرېن مەزگىلىدىكى مەكتەپ ئاچقان نەتىجىلىرى ۋە مۈشكۈلاتلىرىنى يىغلامسىراپ ئېيتىپ، شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ ئۇنىڭ مائارىپ ئىستىكاھمىدىن پايدىلىنىپ «قوش پان ئىزىم» ئىدىيىسىنى تارقىتىش قىلمىشىنى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىدىغانلىقىنى مائارىپقا بۇزغۇنچىلىق قىلغانلىق، دېدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئۇ يەنە شېڭ شىسەينىڭ سوۋېتقا تەسلىم بولۇپ ۋەتەننى سېتىپ، ھەر مىللەت خەلقىنى خارلىغانلىقىنى شىكايەت قىلىپ، ئەسكەر ئەۋەتىپ زەربە بېرىپ، شېڭ شىسەينى جازالاپ بېرىشنى تەلەپ قىلدى. مەسئۇدنىڭ بۇنداق ئەستايىدىل نىقابلىنىش قىلمىشى نەنجىڭ مەركىزى ھۆكۈمىتىنىڭ بۇ ۋاقىتتىكى سىياسىي ئېھتىياجىغا ماس كېلەتتى. بولۇپمۇ سىياسىي ئېھتىياجى قانائەتلىنەتتى. شۇنىڭ بىلەن بۇنى دەسمايە قىلىپ، كۆتۈلمىگەن

ئېھتىياجلار ئۈچۈن تەييارلىق قىلدى. ئەينى ۋاقىتتىكى شىنجاڭ ھۆكۈمىتىنىڭ شەپقەتسىز ھاكىمىيىتىنى ئاشكارىلاش مەسئۇدنىڭ ئورنىنى ئۈستۈرىدىغان سەۋەب بولدى. ئۇزۇن ئۆتمەي مەسئۇد خۇۋاڭ مۇسوڭ پىلانلىغان تەشكىلى قۇرۇلۇش، ئارمىيە ھۆكۈمرانلىقىدىكى ئۆز شتابىغا تەۋە چېگرا ئىشلىرى تەتقىقات ئورنىنىڭ تەتقىقاتچىسى بولۇپ، شۇنىڭ بىلەن بىرگە خۇيزۇ تىل يېزىق بۆلۈمىنىڭ (ھەربىي) ئوقۇتقۇچىسى بولۇپ، ئەرەب تىلى ۋە ئۇيغۇر تىلى دەرسىنى ئۆتتى، ھەمدە شىنجاڭنىڭ ئىشلىرىنى تونۇشتۇرۇشقا، دوكلات قىلىشقا مەسئۇل بولدى. خۇۋاڭ مۇسوڭ شىنجاڭدا شېڭ شىسەينىڭ تەھدىتىگە ئۇچرىغان، مەسئۇد شېڭ شىسەيگە قارشى ئاۋانگارت سۈپىتىدە مەيدانغا چىققان بولغاچقا ئىككىيلەن تېز ۋە ئاسانلا كېلىشىپ، بۇ قاتلاملىق مۇناسىۋەت مەسئۇد ئورنىنىڭ مۇستەھكەملىنىشى ۋە مەرتىۋىسىنىڭ يۇقىرى كۆتۈرۈلۈشىدە مۇھىم رول ئوينىدى. مەسئۇدنىڭ نەنجىڭدە ئۆزىنى نامايان قىلىشى ۋە ئىش باشلىشى ناھايىتى مۇۋەپپىقىيەتلىك بولدى.

مەسئۇد نەنجىڭگە ئورۇنلىشىۋالغاندىن كېيىن، ۋەزىيىتىدىكى قۇلايلىقتىن پايدىلىنىپ، «نەنجىڭدىكى شىنجاڭلىق يۇرتداشلار ئۇيۇشمىسى» نىڭ تۈرلۈك پائالىيەتلىرىگە پائال قاتنىشىپ، شىنجاڭدىن نەنجىڭگە كەلگەن ھەر قىماپتىكى كىشىلەر بىلەن ئارىلاشتى ھەمدە «نەنجىڭدىكى شىنجاڭلىق يۇرتداشلار ئۇيۇشمىسى» ئارقىلىق ئىچكىرى ئۆلكىلەردىكى ئىسلام تەشكىلاتلىرى بىلەن كەڭ ـ كۆلەمدە ئۇچرىشىپ، ئۆز تەسىرىنى زورايتىپ، ئابرۇيىنى يۇقىرى كۆتۈردى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئۇ سوۋېتقا، كومپارتىيىگە قارشى تۇرۇشنى ۋەزىپە قىلىپ، شېڭ شىسەينىڭ سوۋېتنىڭ قوللىشىغا ئېرىشكەنلىكىنى مۇبالىغىلەشتۈرۈپ، دۆلەتنى سېتىش قىلمىشى قىلىپ كۆرسىتىپ، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ شىنجاڭغا تاجاۋۇز قىلىشى ۋە سىڭىپ كىرىشىنى ھەدەپ داۋراڭ سېلىپ، شىنجاڭنىڭ نامراتلىشىپ كېتىۋاتقانلىقى، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ قاتتىق ئازاب ـ ئوقۇبەت ئىچىدە قالغانلىقى، خەلقنىڭ مەركىزى ھۆكۈمەتتىن ئاپەتتىن قۇتقۇزۇشنى تەخىرسىزلىك بىلەن كۈتۈۋاتقانلىقى ئۈستىدە جار سالدى. گومىنداڭ ھۆكۈمىتىدىكى بەزى ئەمەلدارلار بۇ ئىشتىن خۇشال بولدى. ھۆكۈمەت مەھكىمىسىنىڭ ئەزاسى، ئىمتىھان ئاكادېمىيىسىنىڭ باشلىقى

گومىنداڭ نەزەرىيىچىسى دەي جىتاۋ ئۇنى تېخىمۇ مۇكاپاتلاپ، كۆپ خىل شەكىللەر بىلەن رىغبەتلەندۈردى. شۇڭا ھۆكۈمەت ئۇيۇشتۇرغان شىنجاڭغا مۇناسىۋەتلىك پائالىيەتلەرنىڭ ھەممىسىدە دەي جىتاۋ ئۇنى نۇتۇق سۆزلەشكە تەكلىپ قىلدى.

مەسئۇد بۇ ئىشلارنى تولۇق چۈشىنىپ پائال ماسلاشتى. ئامما سورۇنلاردا ھەمىشە ئوغلى ۋە جىيەنىنى نەنجىڭدە ئوقۇتىدىغانلىقىنى تەشۋىق قىلىپ، ئۆزىنىڭ مەركىزى ھۆكۈمەتكە بولغان سادىقلىقىنى بىلدۈردى. ئۆزىنىڭ خەنزۇ مەدەنىيىتىگە بولغان ھۆرمىتىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن ئۇ يەنە دەي جىتاۋنى مەركىزى ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئوقۇۋاتقان ئوغلىغا خەنزۇچە ئىسىم قويۇپ بېرىشكە ئالاھىدە تەكلىپ قىلدى. دەي جىتاۋ شۇ ھامان ئىنكاس قايتۇرۇپ، ئۇنىڭ ئوغلىغا «مەي خۇەنشىن» دېگەن خەنزۇچە ئىسمنى قويۇپ بېرىپ، يەنە داغدۇغا بىلەن ئىسىم قويۇش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈپ، شەپقىتىنى بىلدۈردى. مەسئۇد دوستانە بېرىش-كېلىش قىلىشىش داۋامىدا ئوخشاش يولدىكىلەرنى تەكلىپ قىلىپ «تەڭرىتاغ ئايلىق ژۇرنىلى»نى تەسىس قىلىپ، خەنزۇچە، ئۇيغۇرچە ئىككى تىلدا چىقىرىپ، گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنى نومۇسسىزلارچە كۆككە كۆتۈرۈپ، ئۈچ مەسىلەكنى ماختاش بىلەن بىرگە، سوۋېت ئىتتىپاقىنى زەھەرخەندىلىك بىلەن تىللاپ، ئاتالمىش مىللىي ئاپتونومىيىنى يوشۇرۇن تەكىتلىدى.

بۇ ۋاقىتتا مەسئۇد سوۋېت ئىتتىپاقى ۋە كومپارتىيىگە بولغان قەتئىي قارشى پوزىتسىيىسى، شېڭ شىسەيگە بولغان ئۆچمەنلىكى بىلەن گومىنداڭ نەنجىڭ ھۆكۈمىتىگە پۈتۈن كۈچى بىلەن يېقىنلىشىپ، ئۆزىنىڭ خەنزۇلارغا قارشى تۇرۇش، خەنزۇلارنى چەتكە قېقىش تەشەببۇسى ۋە پانتۈركىزم، پانئىسلامىزم ئىدىيىسىنى چىنىنىڭ بارىچە يوشۇرۇپ، ئېھتىياتچانلىق بىلەن «مەركەزنىڭ رەھبەرلىكى ئاستىدىكى ئاپتونومىيە»نى ئوتتۇرىغا قويۇپ، سۆز ۋە ھەرىكەتكە تەڭلا ئەھمىيەت بەرگەنلىكتىن ناھايىتى تېزلا ئىلتىپاتقا ئېرىشتى، مەرتىۋىسى قەدەممۇ-قەدەم ئۆستى، ھۆكۈمەت پالاتاسىنىڭ ئەزاسى بولدى. 1935-يىلى 11-ئايدا گومىنداڭنىڭ 5-قۇرۇلتىيى ئېچىلىپ، مەسئۇد يەنە مەركىزى مەمۇرىي تەپتىش كومىتېتىنىڭ ئەزالىقىغا سايلاندى. ئىككى يىلغا

يەتمىگەن ۋاقىت ئىچىدە مەسئۇدنىڭ مۇشۇنداق يۇقىرى مەرتىۋىگە ئېرىششى مۆجىزە ئىدى. بۇ ۋاقىتلارنى مەسئۇدنىڭ گومىنداڭ ھۆكۈمىتى بىلەن ھەمكارلاشقان ئەڭ ياخشى مەزگىلى دېيىشكە بولىدۇ. 1936 ـ يىلى ئۆلما زىيائ ۋېنۋۇ ئۆزىنىڭ «غەربنىڭ ئىگىلىك تارىخى» دېگەن كىتابىدا «مەسئۇد شىنجاڭدىكى غۇلجىلىق باينىڭ ئوغلى بولۇپ، تۈركىيىدە ئوقۇغان. ئەخلاق ۋە ئىلىمدە كامالەتكە يەتكەن شىنجاڭلىق ئالىملارنىڭ بىرى. ھازىر جۇڭگو گومىنداڭ پارتىيىسى 5 ـ قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىلى، 5 ـ نۆۋەتلىك مەركىزى كومىتېتىنىڭ ئىجرائىيە ھەيئىتى» دەپ باھا بەرگەن. بۇنىڭدىن مەسئۇدنىڭ ئەينى ۋاقىتتىكى تەسىرىنى كۆرۈۋېلىشقا بولاتتى.

بۇ چاغدا مەسئۇد يەنە ئۆزىنىڭ سابىق باشلىقى—دىۋىزىيە كوماندىرى مامۇتنىڭ ئىشلىرى ئۈچۈن باش قاتۇردى. مەسئۇدنىڭ قوشۇنىدا مەسلىھەتچى بولغان ۋاقىتتا مەركەز بىلەن مۇناسىۋەتنى قويۇقلاشتۇرۇش تەكلىپىنى بەرگەن ئىدى. ئەمما مامۇت ئەسەبىي پانتۇركىزم ۋە پانئىسلامىزم ئۇنسۇرى بولسىمۇ، ئاقكۆڭۈل، جاھىل، نەزەر دائىرىسى تار كىشى بولغاچقا مەسئۇدنىڭ سۆزىگە قۇلاق سالمىغان. بۇ مەزگىلگە كەلگەندە شېڭ شىسەينىڭ قوشۇنى كۈندىن ـ كۈنگە زورايدى. شۇنىڭ بىلەن مامۇت مەسئۇدنىڭ تەكلىپلىرىنى ئويلاپ، ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ ئىككى قېتىم ئىشەنچلىك ئادىمى مۆمىن ئاخۇن بىلەن ئىمىن داموللىنى نەنجىڭدىكى پائالىيەتلەرگە ئەۋەتىپ، مەركەزنىڭ قوللىشىنى قولغا كەلتۈرۈپ، شېڭ شىسەينىڭ يوقۇتۇشىنىڭ ئالدىنى ئېلىشقا تىرىشتى.

سىياسىي پوزىتسىيىسى يېقىنلاشقانلىقى ئۈچۈن مەسئۇد مامۇتقا باشتىن ـ ئاخىر دوستانە پوزىتسىيىدە بولۇپ كەلدى. يەنە كېلىپ سىياسى جەھەتتە ئوخشاش يولدا مېڭىۋاتقاچقا، كەلگۈسىدىكى ھەمكارلاشقۇچىسىنىڭ شىنجاڭدىن سىقىپ چىقىرىلىشنى خالىمايتتى. شۇڭا مامۇتنىڭ ئەلچىلىرىنى ناھايىتى قىزغىنلىق بىلەن كۈتۈۋالدى، ھەمدە تېزدىن ھەرىكەتكە كېلىپ، ئۆزىنىڭ مۇناسىۋەت تورى ئارقىلىق مامۇتنىڭ ۋەكىللىرىنى گومىنداڭ مەركىزى ھۆكۈمىتىنىڭ رەھبەرلىرىگە تونۇشتۇرۇپ، ئەقىل كۆرسىتىپ، مامۇت ۋە ئۇنىڭ قىسمىنىڭ شىنجاڭدا تۇرۇۋېلىشىغا ياردەم قىلىشنى ئۈتۈندى. گومىنداڭ ھۆكۈمىتى مەركىزى كومىتېتى مەخسۇس

خادىمنى كۆتۈۋېلىشقا ئەۋەتىپ، يۈزمۇ-يۈز تۇرۇپ يول-يورۇق بەردى. بۇنىڭدا شىنجاڭدا كۆپرەك ھامىلىرىنى قالدۇرۇش مەقسەت قىلىنغان ئىدى. ئەپسۇس بۇ ۋاقىتتا شېڭ شىسەي سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ قوللىشىغا ئېرىشىپ تايانچى تاپقاچقا تەبئىيلا بۇيرۇقنى ئاڭلاشنى خالىمايتتى. يەنە كېلىپ شىنجاڭنىڭ جايلىشىش ئورنى چەت بولغاچقا قاتناش، ئۇچۇر-ئالاقە قىيىنچىلىق كۆپ ئىدى، شۇڭا قامچىسى ئۇزۇنراق بولسىمۇ ئاتقا تەگمەي، شۇنىڭ بىلەن مامۇت ئاخىرى ئامالسىز دۆلەتتىن قوغلاپ چىقىرىلدى، شېڭ شىسەي ھەممىنى بىر تۇتاش باشقۇردى.

بۇ پىلانلار مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن، توساتتىنلا مەسئۇدنىڭ شېڭ شىسەيگە بولغان ئۆچمەنلىكى زور دەرىجىدە كۈچەيدى. 1936- يىلى 7- ئاينىڭ 10- كۈنىدىن 16- كۈنىگىچە گومىنداڭنىڭ 5- نۆۋەتلىك 2- ئومۇمي يىغىنى نەنجىڭدە ئېچىلدى. يىغىندا مەسئۇد شېڭ شىسەينى قاتتىق سۆكۈپ، شېڭ شىسەينىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىغا تايىنىپ، دۆلەت مەنپەئەتىنى سېتىپ، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنى قىرغىن قىلغان جىنايى قىلمىشلىرىنى سىستېمىلىق ئاشكارىلىدى. شېڭ شىسەي نۇرغۇن ئادەم ئۆلتۈرگەنلىكتىن زور مىقداردىكى ئۇۋال قىلىنغان دېلولار شەكىللەندى، نەنجىڭگە كېلىپ ئەرز-شىكايەت قىلغۇچىلارمۇ كۆپەيدى. بۇلارنىڭ ئىچىدە ئاز سانلىق مىللەتلەر بولسىمۇ، كۆپىنچىسى يەنىلا خەنزۇلار ئىدى. مەسئۇدنىڭ سىستېمىلىق شىكايىتى بۇ تۈركۈمدىكى كىشىلەرنىڭ كەڭ-كۆلەمدە قوللىشى ۋە ياخشى باھاسىغا، بىر تۈركۈم ئەمەلدارلار ۋە ئۆلىمالار شۇنىڭدەك جەمئىيەتتىكى زاتلارنىڭ ھېسداش - لىقىغا ئېرىشتى. بۇ ئىش بىلەن مەسئۇد شىنجاڭ خەلقىنىڭ تېخىمۇ ياخشى باھاسىغا سازاۋەر بولدى.

1936- يىلى 8- ئايدا، موڭغۇل -زاڭزۇ كومىتېتىنىڭ باشلىقى ئالمىشىپ، ۋۇ جوڭشىن كومىتېت باشلىقى بولدى. كومىتېت باشلىقى ئالماشقاندىن كېيىن نەنجىڭدە «چېگرا يېرىم ئايلىق ژۇرنىلى» تەسىس قىلىندى، ھەر ساندا مەخسۇس ئۇيغۇر تىلىدا سەھىپە ئاجرىتىلدى. مەسئۇد ئۆزىنىڭ ئالاھىدە ئورنىدىن پايدىلىنىپ، ھەمىشە بۇ سەھىپىدە ماقالە ئېلان قىلىپ، ھەم نام ھەم مەنپەئەتكە ئېرىشتى. 1937- يىلى ياپونغا قارشى ئۇرۇش ئومۇميۈزلۈك پارتلاپ، نەنجىڭ خېيىم-خەتەر

ئىچىدە قالدى. گومىنداڭ ھۆكۈمىتى پايتەختنى كۆچۈرۈشنى ئېلان قىلىشتىن بۇرۇن، بەزى ئاپپاراتلارنى چوڭچىڭغا يۆتكەپ بولغان ئىدى. مەسئۇد ۋە ئۇ باشچىلىقىدىكى «نەنجىڭدىكى شىنجاڭلىق يۇرتداشلار ئۇيۇشمىسى» ئالدىنقى قاراردا چوڭچىڭغا بارغان تەشكىلاتلارنىڭ بىرى ھېسابلىناتتى . چوڭچىڭغا بارغاندىن كېيىن ئۇ ئاۋۋال يۇرتداشلار ئۇيۇشمىسىنىڭ نامىدا «ئانا يۇرت» ئايلىق ژۇرنىلىنى چىقاردى. ژۇرنالنىڭ نامىنى مەسئۇد ئۆزى بېكىتكەن بولۇپ، تۈركىيىدىكى «تۈركىيىلىكلەرنىڭ ئانا يۇرتى» ژۇرنىلىدىن ئۈرنەك ئالغان ئىدى. شۇنىڭدىن باشلاپ، «تۈركىيىلىكلەرنىڭ ئانا يۇرتى» ژۇرنىلىدا تەشۋىق قىلىنىدىغان يادرولۇق ئىدىيە «ئانا يۇرتىمىز تۈركىستان» ـ ئۇلارنىڭ تەرغىبات نۇتۇقىدىكى ئاساسلىق سىياسىي شوئاغار ئايلاندى.

مەسئۇدنىڭ بۇنداق ئۆزگىرىشى ئاۋۋال ۋۇ جوڭشىننىڭ دىققىتىنى تارتتى. ۋۇ جوڭشىن چېگرانىڭ مەمۇرىيەت ئىشلىرىغا رىياسەتچىلىك قىلغاندىن كېيىن، چېگرا ئىشلىرى ۋە دۆلەتنىڭ ئىگىلىك ھوقۇقىغا چېتىلىدىغان ۋەقەلەردە ئىنتايىن سەزگۈر بولدى. مەسئۇدنىڭ «چېگرا يېرىم ئايلىق ژۇرنىلى» دا ئېلان قىلىنغان ئەسەرلىرى بۇرۇنلا ۋۇ جوڭشىننىڭ دىققىتىنى تارتقان ئىدى. ئەينى ۋاقىتتا ۋۇ جوڭشىن ھەر مىللەت زاتلىرى جۈملىدىن شىنجاڭلىق زاتلارنىمۇ موڭغۇل ـ زاڭزۇ كومىتېتىنىڭ ئەزالىقىغا كەڭ ـ كۆلەمدە كىرگۈزگەن بولۇپ، ۋۇ جوڭشىن بۇ ئەزالار ئارقىلىق مەسئۇدنى ئازراق چۈشەنگەن ئىدى. بەختكە يارىشا ئەينى ۋاقىتتا مەسئۇدنىڭ كۆڭلى ئارامىدا بولمىغاچقا، قەلب سىرلىرىنى ئاشكارىلاشقا جۈرئەت قىلالمىغان. چوڭچىڭغا كەلگەندىن كېيىن دارىتمىلاشقا باشلاپ، قىلماقچى بولغانلىرىغا تەييارلىق قىلدى. ھەمدە تىلدا دىققەت قىلغانلىقى، يەنە كېلىپ ئۇيغۇر تىلىنى كۆپ ئىشلەتكە ـ نلىكى ئۈچۈن چېنىپ قالمىدى. بىر قېتىم زاڭزۇ ـ موڭغۇل كومىتېتى ئۇيۇشتۇرغان ئۇيغۇر تىلىدىكى سىياسىي تەربىيە كۇرسىدا، شىنجاڭلىق ئەزالارنىڭ تونۇشتۇرۇشى بىلەن مەسئۇد ئۇيغۇر تىلى ئوقۇتقۇچىلىقىغا تەكلىپ قىلىندى. ئۇ ئۇيغۇر تىلى دەرسىنى ئۆتكەن ۋاقىتتا قەستەن تۈرك تىلى تەلەپپۇزىنى كۆپرەك ئىشلىتىپ، تۈرك تىلى گراماتىكىسىنى سۆزلىدى. بۇ ئەھۋال ۋۇ جوڭشىننىڭ گۇمانىنى قوزغىدى. موڭغۇل ـ زاڭزۇ

كومىتېتى ئاچقان بىر قېتىملىق يىغىندا كۆپ ساندىكى ئەزالارنىڭ ئالدىدا ۋۇ جوڭشىنمۇ قاتناشقان ئەھۋال ئاستىدا، ئۆزىنىڭ بىر يۇرۇش پانئىسلامىزم نەزەرىيىلىرىنى تەپتارتماي بازارغا سېلىپ، يىنىدا ئادەم يوقتەك سۆزلىگەنچە ھاياجانلىنىپ ۋاتىلداشقا باشلىدى. ئەتراپىدىكىلەر بىر-بىرىگە قارىشىپ، نېمە قىلىشنى بىلەلمەي قالدى. ئۇنىڭ ئۇيغۇر تىلى دەرس ئۆتىشىگىلا باشقىچە ھېسسىياتتا بولۇپ كەلگەن ۋۇ جوڭشىن ئۇنىڭغا كەينى - كەينىدىن بىشارەت بەرگەن بولسىمۇ، يەنىلا ھېچنىمىنى بىلمىگەن بۇلۇۋالدى. ئاخىر ۋۇ جوڭشىن ئۇنىڭ سۆزىنى ئۈزۈۋېتىشكە مەجبۇر بولدى ھەمدە ئۇنىڭ سۆزىدىكى سەپسەتىلەرنى كۆرسىتىپ بەردى. ئىككىيلەن نەق مەيداندىلا توقۇنۇشۇپ، يىغىن كۆڭۈلسىزلىك ئىچىدە ئاخىرلاشتى. شۇنىڭدىن باشلاپ ۋۇ جوڭشىننىڭ مەسئۇدقا بولغان قارىشى تۈپتىن ئۆزگەردى.

1939- يىلى 1- ئايدا گومىنداڭنىڭ 5- نۆۋەتلىك 5- ئومۇمىي يىغىنى چوڭچىڭدا ئېچىلدى. يىغىندا كومپارتىيىگە قارشى فاكچېن بېكىتىلىپ، كومپارتىيىگە قارشى كومىتېت قۇرۇشقا تەييارلىق قىلىندى. يىغىندا مەسئۇد كومپارتىيىگە قارشى نۇتۇق سۆزلەپ، شېڭ شىسەينى كوممۇنىست ئۇنسۇر دەپ ئەيىبلەپ، شىددەت بىلەن سۆكتى. ئوبيېكتىپ جەھەتتىن ئالغاندا، مەسئۇدنىڭ نۇتقىدىكى بەزى سۆزلەر يۇرىكىدىن چىققان ھەقىقى سۆزلەر بولسىمۇ، يەنە نىقابلانغان سۆزلەرمۇ بار ئىدى.

1942- يىلى 11- ئايدا گومىنداڭنىڭ 5- نۆۋەتلىك 10- ئومۇمىي يىغىنى چاقىرىلدى. بۇ ۋاقىتتا سۇنىڭ ئېقىشىغا، تۈكنىڭ يېتىشىغا ئىش كۆرۈدىغان شېڭ شىسەي سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ سوۋېت-گېرمان ئۇرۇشىدا مەغلۇپ بولغانلىقىنى كۆرۈپ، جياڭ جيېشىغا «نازلىنىش»قا باشلىدى. يىغىندا مەسئۇد يەنە بىر قېتىم كومپارتىيىگە قارشى نۇتۇق سۆزلەپ، تىغ ئۇچىنى بىۋاستە سوۋېت ئىتتىپاقىغا قاراتتى.

1943- يىلى 11- ئايدا ئامېرىكا، ئەنگلىيە ، گېرمانىيە قاتارلىق ئۈچ دۆلەت باشلىقلىرى مىسىردا قاھىرە يىغىنى ئېچىپ، ياپونىيىگە بىرلىكتە ئۇرۇش قىلىش مەسىلىسىنى مۇھاكىمە قىلدى. بۇنىڭ بىلەن خەلقئارا ۋەزىيەت جۇڭگوغا پايدىلىق يۆنىلىشتە تەرەققىي قىلدى. 1944- يىلى 1- ئايدا جياڭ جيېشى رادىئو نۇتقى سۆزلەپ، جۇڭگو ئىنقىلابىنىڭ

غەلىبىسىگە بولغان ئۈمىدىنى ئۈتتۈرىغا قويدى. ئارقىدىن گومىنداڭ سىياسىي ئىشلار كېڭىشى ئاساسى قانۇنلۇق سىياسەتنى يولغا قويۇشنى ئىلگىرى سۈرۈش جەمئىيىتى «مەملىكەت پۇقرالىرىغا مەكتۇپ» نى ئېلان قىلىپ، كۆپچىلىكتىن ئاساسى قانۇن لايىھىسىنى مۇزاكىرە قىلىپ، پىكىر بېرىشنى تەلەپ قىلدى. دۆلەت ئىچى ۋەزىيىتى بوشاپ، ئۇزۇن يىل كۆڭلىدىكىنى ئاشكارىيالمىغان مەسئۇد تايانچ تاپقاندەك بولدى. يەنە كېلىپ گومىنداڭغا تۆھپە قوشقان بولغاچقا بۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، شىنجاڭ مەسىلىسىدە بىلجىرلاپ، پانتۈركىزم مۇقامىنى چېلىشقا باشلىدى. ئۇ ئەسلى تەبىئىي پەن بىلەن شۇغۇللانغان بولسىمۇ، بۇ چاغدا زورقۇپ شىنجاڭ مەدەنىيىتى ۋە تارىخى توغرىسىدا بىلجىرلاشقا باشلىدى. 1944 ـ يىلىنىڭ بېشىدا چوڭچىڭدا سۆزلىگەن «شىنجاڭ تارىخى ۋە شىنجاڭ مەدەنىيىتىدىن ئىزلار» تېمىسىدىكى نۇتقى، ئەيسا تەرجىمە قىلغاندىن كېيىن «ياشلار ژۇرنىلى» ۋە ئارقىدىن «ئالتاي» ژۇرنىلىنىڭ خەنزۇچە تۇنجى ساندا ئېلان قىلىنغان «شىنجاڭدىكى مىللەتلەرنى تونۇشتۇرۇش» سەرلەۋھىسىدىكى ماقالىسىنى مىسال كەلتۈرۈشكە بولىدۇ.

«ئالتاي ژۇرنىلى» ئەسلىدە مەسئۇد ۋە ئىمىن، ئەيسا قاتارلىقلار بىرلىشىپ چىقارغان ژۇرنال بولۇپ، ئەيسا مەسئۇل مۇھەررىر بولغان ئىدى. ئۇلار بۇ ژۇرنالدا يوشۇرۇن شەكىللەر ئارقىلىق ھەمىشە پانتۈركىزم، پانئىسلامىزمنى تەرغىب قىلىدىغان ئەتكەس ماللىرنى بازارغا سالدى. ئۇيغۇر تىلىدا 5 سان چىقىپ بولغان بولۇپ، خەنزۇ تىلى سانىنىڭ تۇنجىسىدا ئېلان قىلىنغان ماقالىسىنى شىنجاڭدىكى مىللەتلەرنى تونۇشتۇرۇش دېگەندىن كۆرە پانتۈركىزمنى ئاشكارا تەرغىب قىلغان ماقالە دېگەن تۈزۈك ئىدى. مەسئۇد ماقالىسىدا: نۆۋەتتە شىنجاڭدىكى مىللەتلەر ئون تۆت مىللەتكە ئايرىلىدى. ئەمەلىيەتتە ئۇيغۇر، قازاق، قىرغىز، تارانچى، ئۆزبېك ، تاتارلار پەقەت «ئالتە قەبىلە» بولۇپ، تىل، ئۆرۈپ ـ ئادەت، دىن، كىيىنىش جەھەتتە ئوخشاش. ئىرق ئوخشاشلىقى ۋە ئولتۇراق رايونلىرىنىڭ تۇتىشىشىغا ئاساسەن «ئۇلارنىڭ بىر مىللەت يەنى تۈرك مىللىتى ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلىش كېرەك». تاجىك مىللىتىنىڭ تىلىدىن باشقا تەرەپلىرى بۇ ئۇيغۇر قاتارلىق ئالتە قەبىلە بىلەن ئوخشاش، شۇڭا ئۇلارنىمۇ «تۈرك مىللىتى» دېيىشكە بولىدۇ، دېگەننى

ئۇتتۇرىغا قويدى. مەسئۇد خۇيزۇلارنى ئېتىراپ قىلماي، ئۇلار «تاماقنى چوكىدا يەيدۇ» ، دىنى ئېتىقاددىن باشقىسىنىڭ ھەممىسى خەنزۇلار بىلەن ئوپمۇ-ئوخشاش، پەقەت موڭغۇللارلا مۇستەقىل مىللەت دېدى. شىنجاڭدىكى رۇس مىللىتىگە كەلگەندە، ئۆزىنىڭ رۇسىيىگە، كومپارتىيىگە قارشى خاراكتېرىنى ئىپادىلەپ، ھەتتا ئۇلارنى جۇڭگولۇق ئەمەس، شىنجاڭدىكى مۇھاجىرلار دەپ قارىدى.

ماقالە ئېلان قىلىنغاندا ھېچكىمنىڭ دىققىتىنى تارتالمىدى. شۇنىڭ بىلەن ئىمىن، ئەيسا قاتارلىقلار ئاساسى قانۇن لايىھىسىنى مۇزاكىرە قىلىش پۇرسىتىدىن پايدىلىنىپ، بۇ كۆز قارىشىنى «جۇڭگوچىگىد ىكى شىنجاڭلىق يۇرتداشلار ئۈيۈشمىسى» نىڭ نامىدا ماقالىنىڭ شەكلىنى ئۆزگەرتىپ، «جۇڭگوچىگىدىكى شىنجاڭلىق يۇرتداشلارنىڭ ئاساسى قانۇن لايىھىسىگە قارىتا پىكرى» دېگەن تونىنى كەيدۈرۈپ، 1944- يىلى 10- ئاينىڭ 13- كۈنىدىكى «ئاخبارات» ژۇرنىلىدا ئېلان قىلدى. بۇ ماقالىدە نۇرغۇن مەزمۇن سۆزلەنگەن بولسىمۇ ئاساسلىقى تۆۋەندىكىدەك ئىككى يادرولۇق نۇقتا بار ئىدى: بىرىنچىدىن، شىنجاڭدىكى ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان مىللەتلەرنى تۈرك مىللىتى دەپ ئاتاش؛ ئىككىنچىدىن، «شىنجاڭ» دېگەن نامنى «تۈركىستان»غا ئۆزگەرتىش. مەسئۇدنىڭ دەسلەپكى ئويى شۇنىڭدەك بۇ ئىككىلىسىنىڭ باياندىكى مەقسەت ناھايىتى ئېنىق بولۇپ، ئاخبارات ۋاستىسى ئارقىلىق گومىنداڭ ھۆكۈمىتىگە سىياسىي تەلىپىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، جۇڭگونى پارچىلاشتىن ئىبارەت ئەڭ ئاخىرقى نىشانغا يېتىش ئۈچۈن يول ھازىرلىماقچى بولغان ئىدى.

ئۇلارنىڭ بىمەنە لوگىكىسى شۇ ھامان كۈچلۈك ھوجۇمغا ئۇچرىدى. فرانسىيە پارىژ ئۇنىۋېرسىتېتىنى پۈتتۈرگەن دوكتور ، شۇنداقلا شىنجاڭدا بىر مەزگىل خىزمەت قىلغان ئۆلىما لى دوڭفاڭ «مەركەز كۈندىلىك گېزىتى»دە ماقالە ئېلان قىلىپ، «جۇڭگوچىگىدىكى بىر نەچچە يۇرتداشنىڭ پىكرىگە ئاساسلىنىپ، نەچچە مىليون قېرىنداشنى ئۆزىمۇ قوبۇل قىلىشنى خالىمايدىغان، يەنە كېلىپ ھەقىقى شەكىللىنىش ئىمكانىيىتى بولمىغان نام بىلەن ئاتاشقا بولمايدۇ» دەپ كۆرسەتتى. لى دوڭفاڭ ماقالىسىدە ئۇلارنىڭ ئۇ يەردىن-بۇيەردىن قۇراشتۇرغان نۇقتىنەزەرلىرىگە بىر-بىرلەپ رەددىيە بېرىپ، نۇقسانلىرى كۆپ ئىسپاتلىرىنى مەسخىرە قىلىپ، توغرا

تـارىخى ئىسـپاتلار بـىلـەن مۇنـداق كۆرسـەتتى: ئۇيغـۇر مىللىتـى جوڭگـۇ قەدىمقى زامان تارىخىدىكى ئۇغـۇز، ئۇيغـۇرلاردۇر، ئـۇلار بـىلـەن تـۈركلەر سۇي، تاڭ سـۇلالىرى مەزگىلىـدە بىـر مەھەل گۇللىنىـپ كـېيىن زاۋاللىققا يۈزلەنگەن. تۈركلەر تاڭ سۇلالىسىغا قارشى ئىسيان كۆتۈرگەندە ئۇيغۇرلار ئەسكەر چىقىرىـپ تـاڭ سۇلالىسـىغا ياردەملىشـىپ تـوپىلاڭنى تىنجىتقـان. ئۇيغۇرلار بىلەن تۈركلەر ئـايرىم- ئـايرىم ئىككـى قەبىلە تۇرسا ئـۇلارنى قانداقمۇ بىرلەشتۈرۈپ بىر مىللەت دېگىلى بولسۇن؟ قىرغىزلار قەدىمكى تارىخلاردىكى خاككاسلار بولۇپ، ئۇيغۇر، تـۈركلەر بـىلـەن قوشنا ياشاپ كەلگەن بولسىمۇ بىـر قەۋم ئەمەس؛ تاتـارلار موڭغـۇل قـان سىستېمىسـىغا تەۋە بولـۇپ، چىڭگىزخانىنـىڭ غەربـكە يـۈرۈش قىلىشـى بـىلـەن كۆچـۈپ كەلـگەن. تـاجىكلار پـامىر ئېگىزلىكىــدە ياشـاپ كەلـگەن ئىـران تىلـى سىستېمىسىغا تەۋە مىللەت بولـۇپ، تـۈركلەر بـىلـەن ئېخىمـۇ مۇناسـىۋىتى يـوق؛ قـازاق، ئۆزبېكلەرنـىڭ شەكىللىنىشـى نىسـبەتەن كـېيىن بولـۇپ، تۈركلەر بىلەن مۇناسىۋىتى يـوق. ئۇيغۇرلارنـىڭ تارىختـا تـۈرك يېزىغىنـى قوللانغىنىغـا قـاراپلا تـۈرك مىللىتـى دېيىشـكە بولمايـدۇ. بـۇ خـۇددى يـاپونلۇقلار چاسـا خەتنـى قوللانسـىمۇ، ئـۇلارنى جۇڭگولـۇق دېگىلـى بولمىغاندەك ئىـش. لـى دوگفـاڭ قاتارلىقلارنـىڭ ماقالىسـىدا تەتقىقـاتچى، مۇتەخەسسىسـلەرنىڭ ئىلمـى پوزىتسىيىسـى ۋە ئۆلىمالارنـىڭ سـەزگۈرلۈكى ئەكس ئەتكەن بولۇپ، گومىنداڭنىڭ پـارتىيە گېزىتىـدا ئېـلان قىلىنىـپ، گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنىڭ بۇ نـۇقتىنەزەرگە بولغـان پوزىتسىيىسـىنى ئەكـس ئەتتۈردى.

1945 - يىلى 4 - ئايدا «ئالتاي گېزىتى»دا يەنە مەسئۇد «غەربـى شىمالنىڭ سىياسىي توغرىسىدا سۆز» سەرلەۋھىلىك ماقالە ئېلان قىلىـپ، بىشـىدىلا «ھـازىر سـۆزلەيدىغان پۈرسـەت كەلـدى» دەپ، تاقەتسـىزلىك ئىلكىدە ئۆزىنى باسالماسـلىق پىسخىكىسـى بـىلـەن ئوتتۇرىغا چىقتـى. ئـۇ شۇنچە ئالدىراپ نېمىنى بايان قىلىدۇ؟ ئۇ ئەينى ۋاقىتتىكى غەربنى ئېچىش مەزمۇنىـدىكى جامـائەت پىكرى تەشـۋىقاتىنىڭ تارقىلىشـىغا چىـدىيالماي، تاقەتسـىزلىك ئىچىــدە پوزىتسىيىسـىنى بىلــدۈرۈپ شــىنجاڭغا ئاھــالە كۆچۈرۈشكە، شىنجاڭنى ئېچىشقا، شىنجاڭنى قۇرۇشقا، شىنجاڭغا ئەسكەر ئەۋەتىشكە قارشى تۇرىمەن، شىنجاڭدىكى تىنچسىزلىقنا كۆچـۈپ كەلـگەن

ئاھالە ۋە ئارمىيە سەۋەپچى دېدى. ئۇنىڭ بۇ ماقالىسى بىلەن ئالدىنقى قېتىم جەڭ ئېلان قىلغان ماقالىسىنىڭ مەقسىتى ئاساسى جەھەتتىن ئوخشاش بولۇپ، بىرسىدە شىنجاڭدىكى يەرلىك مىللەتلەرنى «تۈرك مىللىتى» دەپ ئاتاشنى چاقىرىق قىلسا يەنە بىرسىدە خەنزۇ قوشۇنى بىلەن خەنزۇ خەلقىنى شىنجاڭغا كىرگۈزمەسلىك چوقانىنى سالدى. بۇنىڭدىن چىقىدىغان يەكۈن ئىنتايىن چۈشىنىشلىك بولۇپ، پەقەت مۇھىت چەكلىمىسى يەنە كېلىپ گومىنداڭنىڭ قوللىشىغا ئېھتىياجلىق بولغاچقا شىنجاڭنى مۇستەقىل قىلىش سۆزىنى دېيەلمىگەن خالاس. بۇ ۋاقىتتا مەسئۇد ۋە ئەيسا داۋاملىق ئالاقە قىلغان بېرەيلەن بىر ماقالە ئېلان قىلدى. ئۇنىڭ ماقالىسىدا مەسئۇدنىڭ ھەقىقى پىسخىكىسى ئاشكارىلاندى. ماقالىدىكى تونۇشتۇرۇشقا ئاساسلانغاندا «مەسئۇد - سوۋېتقا قارشى مۇتەخەسسىس، سوۋېت-گېرمان ئۇرۇشى مەزگىلىدە گېرمانىيىنىڭ غەلىبە قىلغانلىقىنى ئاڭلاپ ئىنتايىن ھاياجانلانغان. سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ھۇجۇمغا ئۆتكەنلىكىنى ئاڭلاپ بىئارام بولغان» ئىدى. مەسئۇد يەنە « خەنزۇلار مەخسۇس باشقا مىللەتلەرنى يەۋېتىدىغان مىللەت دېگەن» ئىدى. ئۇنىڭدىن باشقا ئۇ يەنە ھەمراھلىرى ئىمىن، ئەيسالار بىلەن بىرلىكتە جياڭ جيېشىغا مەكتۇپ يوللاپ، «شىنجاڭدا يۈكسەك ئاپتونومىيە قۇرۇش تەلىپىنى ئىزھار قىلدى. بۇ ھۆكۈمەت دائىرىلىرىنىڭ قاتتىق غەزىپىنى قوزغىغان» ، «بىر مەزگىل ئۇلارنىڭ لەنجۇ، چوڭچىڭلارغا بېرىپ كېلىشى چەكلىمىگە ئۇچرىغان» . بۇنىڭدىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى ئاساسى قانۇن لايىھىسىنى مۇزاكىرە قىلىش قوزغىغان بىر مەزگىللىك «پانتۈركىزم» ۋاراڭ - چۇرۇڭلىرى كىلىمات شەكىللەندۈرەلمەيلا قالماستىن بەلكى ئۇلارنىڭ ئەپتى- بەشىرىسى خەلق ئالدىدا ئاشكارىلىنىپ، ئوڭايسىز ھالەتكە چۈشۈپ قالدى. ئەمما ئۇزاق ئۆتمەيلا شىنجاڭ ۋەزىيىتىنىڭ ئۆزگىرىشى مەسئۇد قاتارلىقلارغا يۈرەكنى كۈچەيتىش دورىسى بولۇپ بەرگەچكە، ئۇلار قايتىدىن روھلانغان.

### ۋەزىيەتنىڭ ئۆزگىرىشى بىلەن شىنجاڭغا يەنە قايتىشنى پائال پىلانلاش

شىنجاڭ ۋەزىيىتىنىڭ ئۆزگىرىشى، مەسئۇدنىڭ ھوقۇقىنىڭ

پەللىسىگە چىقىشى ئۈچۈن شارائىت ھازىرلاپ بەردى. 1944 ـ يىلى 9 ـ ئايدا شېڭ شىسەي شىنجاڭ خەلقىنىڭ ھاقارەتلىرى ئىچىدە 11 يىل 5 ئايلىق ھاكىمىيىتىنى ئاخىرلاشتۇرۇپ، شىنجاڭدىن ئايرىلدى. ئەمما ئۇنىڭ مۇستەبىت ھاكىمىيىتى تۈپەيلىدىن قوزغالغان ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى بېسىقمىدى. موڭغۇل ـ زاڭزۇ كومىتېتىنىڭ سابىق باشلىقى ۋۇ جوڭشىن ۋەقە كۆچىيىۋاتقان پەيتتە شىنجاڭغا كېلىپ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ رەئىسلىكىگە تەيىنلەندى.

يېڭى ھۆكۈمەتنى تەشكىللەشتە تەبىئىيلا بىر تۈركۈم بىللە بارىدىغان خادىملارنى تاللاشقا توغرا كېلەتتى. مەسئۇد بۇ مىسلىسىز تەستە كېلىدىغان پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇش كېرەك، دەپ قارىدى. بىر نەچچە يىلدىن بۇيان ئۇ ژۇرنال ۋە مۇنبەرلەردىن پايدىلىنىپ پانتۈركىزم ۋە پانئىسلامىزم تەشۋىقاتىنى تارقاتقان بولسىمۇ، چۆگچەك بىلەن شىنجاڭنىڭ ئارىلىقى بەك يىراق بولغاچقا ئۇنىڭ چوقانلىرىنىڭ شىنجاڭ خەلقىگە بولغان تەسىرىنى يوق دېيىشكە بولاتتى. ئۇ پەقەت شىنجاڭغا قايتىش ئارقىلىقلا «قوش يان ئىزىم» نەزەرىيىسىنى شىنجاڭنى بۆلۈۋېلىشتەك كونكرېتنى ھەرىكەتكە ئايلاندۇرغىلى بولىدىغانلىقىنى چوڭقۇر ھېس قىلغان ئىدى. مەسئۇد ۋۇ جوڭشىننىڭ موڭغۇل ـ زاڭزۇ كومىتېتىدىكى نۇرغۇن خادىملارنى ئىشلەتكەنلىكىنى، رويخەتتە ئىسمىنىڭ يوقلىقىنى كۆرگەندىن كېيىن، ۋۇ جوڭشىن بىلەن مۇناسىۋىتىنىڭ ياخشى ئەمەسلىكىدىن مۇشۇنداق بولغانلىقىنى ھېس قىلىپ، جياڭ جيېشى ئارقىلىق شىنجاڭغا بېرىش مەقسىتىگە يېتىشنى پىلانلىدى. شۇنىڭ بىلەن مەسئۇد جاڭ جيېشى نەۋكەرلەر ئىشخانىسى ئىككىنچى باشقارمىسىنىڭ مۇدىرى چېن بۇلېيدىن «يۇرتىغا قايتىش ئارزۇسى»نى جياڭ جيېشىغا يەتكۈزۈشنى ئىككى قېتىم ئۆتۈندى. ئەمما چېن بۇلېي پۇرسەت كەلمىدى دەپ قاراپ جياڭ جيېشىغا ئىككىلىسىنى يەتكۈزمىدى. مەسئۇد پۇرسەتنىڭ كېتىپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ چېن بۇلېينى يەنە بىر قېتىم سۈيلىگەندە، چېن بۇلېي ئامالسىز 10 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى تېلېگراممىا يوللاپ، مەسئۇدنىڭ شىنجاڭغا قايتىش تەلىپىگە قارىتا ۋۇ جوڭشىندىن پىكىر ئالدى. ۋۇ جوڭشىن مەسئۇدنىڭ پانتۈركىزم تەشۋىقاتىنى داۋاملىق تارقاتقانلىقىنى بالدۇرلا بىلگەچكە، تەبىئىيلا بۇ ۋاقىتتا ئۇنىڭ شىنجاڭغا

كېلىشىشكە قوشۇلمايتتى. ۋۇ جوگشىن مەسئۇدنىڭ مۇناسىۋەتتىن پايدىلىنىپ شىنجاڭغا كېلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن ئۈرۈمچىدە تۇرۇشلۇق 8- ئۇرۇش رايونىنىڭ قوماندانى جۇ شاۋلياڭ بىلەن بىرلىكتە تېلېگراممىا يوللاپ، مەسئۇدنىڭ شىنجاڭغا كېلىشىنى قەتئىي رەت قىلدى. ئۇلار تېلېگراممىسىدا ئۈچ تۈرلۈك قارشى تۇرۇش سەۋەبىنى بايان قىلدى:

1. ئۇلار مىنگونىڭ 31- يىلى مەركەزگە مەكتۇپ يوللاپ، شىنجاڭغا ئاھالە كۆچۈرمەسلىكنى، ئارمىيە كىرگۈزمەسلىكنى، شىنجاڭنى شىنجاڭلىقلار باشقۇرۇشنى، شىنجاڭنىڭ نامىنى «شەرقى تۈركىستان»غا ئۆزگەرتىشنى تەشەببۇس قىلغان. تار مىللەتچىلىك كۆز قارىشى ئېغىر.

2. شىڭ شىسەي ئۇنىڭدىن پەقەت رازى ئەمەس، ھازىر شىڭ شىسەينىڭ شىنجاڭدىكى قىسمىدا ئادەم بەك كۆپ، ئۇنىڭغا پايدىسىز بولۇشى مۇمكىن.

3. ئۇنىڭ خانىمى ھازىر شىنجاڭدا، داۋراڭ سېلىپ يۈرگەن ئەھۋال بار. ئۇ شىنجاڭغا كەلسە تىنچلىق بولۇشى ناتايىن. ئىنىلىرى مەسئۇدنىڭ كېچىكىپرەك كېلىشىنى مۇۋاپىق دەپ قارايدۇ. توغرا چۈشىنىشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

ۋۇ جوگشىنىنىڭ قارشى تۇرۇشى بىلەن مەسئۇدنىڭ شىنجاڭغا كېلىش چۈشى ئەمەلگە ئاشمىدى. جياڭ جيېشى ئارقىلىق شىنجاڭغا قايتىش ئۈمىدى يوققا چىققاندىن كېيىن مەسئۇد ئۆزى ئوتتۇرىغا چىقىپ جامائەت پىكرى بېسىمى ئارقىلىق مەركىزى ھۆكۈمەتنى يول قويۇشقا قىستىماقچى بولدى. شۇنىڭ بىلەن ئىمىن، ئەيسالار قول تىقىپ، «شىنجاڭ خەلقى شىنجاڭنى باشقۇرۇش» بايرىقىنى كۆتۈرۈپ چىقىپ، يۇقىرى ـ تۆۋەن قاتراپ، لەنجۇدا جامائەت پىكرى شەكىللەندۈردى. جياڭ جيېشى گەنسۇ تەرەپنىڭ مەخپىي تېلېگراممىسىنى تاپشۇرۇۋالغا ـ ندىن كېيىن، دەرھال ۋۇجوگشىنغا تېلېگراممىا يوللاپ، مەسئۇد قاتارلىقلارنىڭ شىنجاڭ بىلەن مۇناسىۋىتى بار- يوقلىقىنى سورىدى. ۋۇ جوگشىن «مەلۇماتلارغا ئاساسلانغاندا، مەسئۇد، ئەيسا قاتارلىقلار شىنجاڭغا مەخپىي ئادەم ئەۋەتىپ، پائالىيەت ئېلىپ بارغان. بۇنى ئىسپاتلاشقا بولمىدى. مەركىزى كومىتېت ئامال ئىزلەپ ئۇلارنى چوگچىڭغا قايتۇرۇپ مۇۋاپىق ئورۇنلاشتۇرسا» دېگەن مەزمۇندا تېلېگراممىا قايتۇردى. جياڭ جيېشى ۋۇ

جوڭشىننىڭ پىكرىنى قوبۇل قىلىپ، مەسئۇدنى چوڭچىڭغا تەكشەپ، مۇۋاپىق دەرىجىدە تىزگىنلىدى. ئەمما جازالىمىدى. بۇ ئىش تۈپەيلى ۋۇجوڭشىن مەسئۇد قاتارلىقلارنىڭ قىلمىشىغا تېخىمۇ ئاچچىقلاپ، ئۇلار لەنجۇدا ئۆز بېشىمچىلىق بىلەن بىمەنە چاقىرىقلارنى قىلدى، مەقسىتىنى چۈشىنىپ بولغىلى بولمايدۇ، مەيلى يەرلىك، مەيلى مەركەز بولسۇن ھەممىسىگە پايدىسىز دەپ قارىدى. ۋۇ جوڭشىن پۈرسەتنى چىڭ تۇتۇپ، ئاغرىنىش مەنىسىدە جياڭ جيېشىغا: «ئىلگىرى مەركەزدىكى ھەقىقى ئەھۋالنى بىلمەيدىغان زاتلار مەسئۇد، ئەيسالارنىڭ داۋراڭلىرىغا ھەدەپ يول قويدى، ئۇنداق قىلماسلىقى كېرەك ئىدى. بۇگۈنكى كۈندە شىنجاڭدا نۇرغۇن قىيىنچىلىقلارنىڭ يۈز بېرىشى مەركەزدىكى بەزى ‹ئىشنىڭ يولىنى بىلمەيدىغان› لارنىڭ مەسئۇد، ئەيسا قاتارلىق قارا نىيەتلەرنى سىغدۇرغانلىق بىلەن بىۋاستە مۇناسىۋەتلىك، چوقۇم مۇناسىۋەتلىك جاۋابكارلىقنى ئۈستىگە ئېلىش كېرەك» دەپ دوكلات يوللىدى.

مەسئۇد قاتارلىقلار لەنجۇدىكى پائالىيەتلىرىدە ئۇنۇم كۆرمەي قايتقاندىن كېيىن، تەبىئىيلا ئۆچلۈكى قوزغالدى. ئەمما ھوقۇقنى ئىگىلىۋالغان ۋۇ جوڭشىنغا ئامالى بولمىغاچقا، تىغ ئۇچىنى شېڭ شىسەيگە قاراتتى.

1945 ـ يىلى 5 ـ ئايدا، گومىنداڭنىڭ مەملىكەتلىك 6 ـ قۇرۇلتىيى چاقىرىلدى. قۇرۇلتاي مەزگىلىدە مەسئۇد قاتارلىقلار شېڭ شىسەينىڭ زىيانكەشلىكىگە ئۇچرىغان شىنجاڭلىقلار بىلەن ئالاقىلىشىپ، شېڭ شىسەيدىن ھېساب ئالماقچى بولدى. يىغىندا، مەسئۇد ئاچچىقلانغان ھالدا يۇقىرى ئاۋاز بىلەن شېڭ شىسەي ئۈستىدىن شىكايەت قىلىپ: «سەن شىنجاڭدا تۇرغان 10 يىل ئىچىدە 200 مىڭ ئادەمنى قولغا ئالدىڭ، ئوتتۇرا ھېساب بىلەن ھېسابلىغاندا شىنجاڭدىكى ھەر بىر ئائىلىدىن بىردىن ئادەم قامالدى. قولغا ئېلىپ قويۇپ بېرىلگەنلەر پەقەت 80 مىڭ ئادەم بولدى. قالغانلىرىنىڭ ھەممىسى ئۆلتۈرۈلدى... مۇشۇنداق پاجىئەنى كەلتۈرۈپ چىقارغانلىقىڭ ئۈچۈن، شېڭ شىسەي ئەپەندى، بارلىق مەسئۇلىيەتنى ئۈستۈڭگە ئېلىشىڭ كېرەك» دېدى . مەسئۇدنىڭ سۆزى ھەممەيلەننى جىددىيلەشتۈرۈپ، يىغىنخانا ۋاراڭ ـ چۇرۇڭغا تولدى. ھەممەيلەن شېڭ شىسەينى «قاتتىق بىر تەرەپ قىلىش كېرەك» دەپ

ۋارقىراشتى. يىغىنخانىدا ئولتۇرغان شىبك شىسەي ئۆزىنى ئاقلاشقا باشلىدى. ئەمما يىغىن تەرتىپى تېخىمۇ قالايمىقانلىشىپ، چاتاق چىققىلى تاس قالدى. بەختكە يارىشا يىغىن رىياسەتچىسى سالماق بولۇپ ئەپچىللىك بىلەن بۇ ئىشنى بېسىقتۇردى.

ئارقىدىنلا مەسئۇد يەنە شىنجاڭدىن كەلگەن كېڭەش ئەزالىرى لىيۇ ۋېنلوڭ، قادىر ئەپەندى، مەنسۇر داموللا قاتارلىقلار بىلەن بىرلىكتە 7- ئايدا چاقىرىلغان 4- نۆۋەتلىك گومىنداڭ سىياسىي ئىشلار يىغىنىغا «هۆكۈمەتنىڭ نۇرغۇن ھەر مىللەت بىگۇناھ ئاممىنى ئۆلتۈرگەن جاللات شىبك شىسەينى جازالاپ بېرىش» توغرىسىدىكى تەكلىپنامىسىنى سۇنۇپ، شىبك شىسەينىڭ قانلىق جىنايىتى ئۈستىدىن رەھىمسىزلەرچە شىكايەت قىلدى. يىغىندىن كېيىن ئۇزۇن ئۆتمەيلا شىبك شىسەينىڭ دېھقانچىلىق - ئورمانچىلىق مىنىستىرلىقىنىڭ مىنىستىرلىك ۋەزىپىسىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش بۇيرۇقى چىقىرىلدى. بۇ قېتىمقى ئېلىشىشتا مەسئۇد كۆچىمەيلا غەلىبە قىلغان بولدى. بۇنىڭ بىلەن مەسئۇد روھلىنىپ نىشانىنى شىنجاڭغا قاراتتى.

بۇ ۋاقىتتىكى شىنجاڭدا شىبك شىسەينىڭ قانلىق ھاكىمىيتى تۆپەيلى يىغىلىپ قالغان غەزەپ-نەپرەت كەيپىياتى كۆچەيگەن بولۇپ، يەنە كېلىپ مال باھاسىنىڭ ئۆرلەپ كېتىشى خەلقنى نامراتلاشتۇرۇش، ئىنقىلابنىڭ پىلتىسى ئوت ئېلىش باسقۇچىغا كىرگەن ئىدى. گومىنداڭ ھۆكۈمىتى مال باھاسىنى تۇراقلاشتۇرۇش، قالايمىقانچىلىقتا قالغان شىنجاڭ ۋەزىيىتىنى تۇراقلاشتۇرۇش ئۈچۈن، مەركىزى بانكا شىنجاڭدا شىنجاڭ ئۆبوروت بانكنوتى تارقىتىشنى قارار قىلىپ، چۇڭچىڭ مەركەز كۆمۈش پۇل باسما زاۋۇتىدا باستۇردى. ئۆبوروت بانكنوتىنىڭ ئوڭ يۈزىدە خەنزۇ يېزىقى، تەتۈر يۈزىدە ئۇيغۇر يېزىقى قوللىنىلغان بولۇپ، ئۇيغۇرچىسىنى مەسئۇد تەرجىمە قىلىپ يازدۇرغان ئىدى. تەرجىمىدە مەسئۇد قەستەن شىنجاڭ ئۆبوروت بانكنوتى دېگەن سۆزنى «چىنا تۈركىستان ئۆبوروت بانكنوتى» دەپ تەرجىمە قىلدى. بۇ پۇل 8- ئاينىڭ 14- كۈنى تارقىتىلغان ۋاقىتتا تەرجىمىسىدە مەسىلە بارلىقى بايقىلىپ قالدى، مۇبادا تارقىلىپلا كەتكەن بولسا، سىياسىي خاتا چۈشەنچە كېلىپ چىقاتتى. پۇل تارقالغىلى تۆت سائەت بولغان ۋاقىت ئىچىدە ۋۇ جوڭشىن دەرھال

يىغىۋېلىپ ھەممىسىنى بىكار قىلىش توغرىسىدا بۇيرۇق چىقاردى. بۇنىڭدىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، مەسئۇد پانتۈركىزم تەشۋىقاتى قىلىشتا پۈرسەت بولسىلا ھېچ يەرنى بوش قويمىغان. مۇشۇنداق ئەھۋال ئاستىدىمۇ ھۆكۈمەت ئۇنىڭ مەسئۇلىيىتىنى سۈرۈشتۈرۈپ جازالىمىغان. جياڭ جيېشى ھۆكۈمىتى ئۇلارغا شۇ دەرىجىدە كەڭچىلىك قىلغان.

شىنجاڭدا ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى پارتلىغاندىن كېيىن ئۈچ ۋىلايەت كۈچلىرى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ياردىمى ئاستىدا شىددەت بىلەن تەرەققىي قىلىپ، گومىنداڭنىڭ ھەربىي كۈچىدە ناھايىتى تېزلا ئىلىدىن سىقىپ چىقىرىلىش ئېھتىمالى تۇغۇلدى. ئىككىنچى يىلى 8-، 9- ئايلاردا يەنە ئالتاي، چۆچەكلەرنى بېسىۋېلىپ مىللىي قوشۇننىڭ ئاساسى كۈچى ماناس دەرياسىنىڭ غەربىي قىرغىقى بويلىرىدا مۇقىملىشىپ، گومىنداڭ - نىڭ شىنجاڭدىكى ھاكىمىيىتىنىڭ مەركىزى بولغان ئۈرۈمچىگە بىۋاستە تەھدىت ئېلىپ كەلدى.

ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى ئەمدىلا قوزغالغان ۋاقىتتا گومىنداڭ ھۆكۈمىتى شىڭ شىسەي شىنجاڭدىن ئايرىلسىلا قوراللىق قارشى تۇرۇش تۈگەيدۇ دېگەن خاتا قاراشتا بولدى. ئەمما 11- ئاينىڭ 7- كۈنى سوۋېت ئىتتىپاقى تەرەپنىڭ غۇلجا قوزغىلىڭىغا تولۇق قاتناشقانلىقىنى بىلگەندىن كېيىن، شۇ قېتىملىق ۋەقەنىڭ مۇرەككەپ ئارقا كۆرۈنۈشىنى چۈشەندى. ۋۇ جوڭشىن تاشقى ئىشلار جەھەتتە سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن بولغان ئالاقىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن قوزغىلاڭ كۆتۈرگەن جايلارنى قوراللىق قورشاش، ئەمما ئىچكى جەھەتتىكى سىياسىي ئىشلار بويىچە بىر تەرەپ قىلىش، ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە سوۋېت ئىتتىپاقىغا چېقىلما - سلىقىنى تەشەببۇس قىلدى.

جياڭ جيېشى ئەينى ۋاقىتتىكى خەلقئارا، دۆلەت ئىچىدىكى ۋەزىيەتنى كۆزدە تۇتۇپ، چەتئەل دۈشمەنلىرىنىڭ ھۇجۇمىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن شىنجاڭ مەسىلىسىنى تىنچلىق سۆھبىتى ئارقىلىق ھەل قىلىشنى قارار قىلدى. شۇنىڭ بىلەن ئەزەلدىن «تىنچلىق گېنېرالى» دەپ نام ئالغان ئارمىيە- ھۆكۈمەت بۆلۈمىنىڭ باشلىقى جاڭ جىجوڭنى مەسىلىنى ھەل قىلىش چارىلىرى ئۈستىدە ئىزلىنىش ئۈچۈن شىنجاڭغا ئەۋەتتى. مەسئۇد بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، ئاۋۋال جياڭ جيېشىغا خەت

يېزىپ، مەركەزنىڭ قارارىنى ھىمايە قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈردى ھەمدە شىنجاڭنىڭ ئاپتونومىيە ھوقۇقىنى ئېتىراپ قىلىش، شىنجاڭ خەلقىنىڭ باج سېلىقلىرىنى يېنىكلىتىش ، قامالغان بىگۇناھ ئامىمنى قويۇپ بېرىش قاتارلىق 15 تۈرلۈك شىنجاڭ مەسىلىسىنى ھەل قىلىش تەكلىپىنى ئوتتۇرىغا قويدى. ئارقىدىنلا جاڭ جىجوڭغا خەت يېزىپ، يەنە بىر قېتىم ئۆزىنىڭ مەركەزنىڭ قارارلىرىنى ھىمايە قىلىش كۆز قاراشلىرىنى ئېيتىپ، ئۆزىنىڭ شىنجاڭغا قايتىش ئارزۇسىنىڭ بارلىقىنى، شىنجاڭ مەسىلىسىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن تېگىشلىك تۆھپىسىنى قوشۇش ئۈمىدىنى ئوتتۇرىغا قويدى. جاڭ جىجوڭ بۇ ئىشتىن ئىلگىرى مەسئۇد بىلەن كۆپ باردى-كەلدى قىلمىغان بولۇپ، ئۇنىڭ جياڭ جيېشىغا تەكلىپ بەرگەنلىكى ۋە ئۆزىگە خەت يازغانلىقىنى كۆرۈپ ناھايىتى قىزىقتى. يەنە كېلىپ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىدىكى بىر رەھبەرنىڭ مەسئۇد بىلەن جىيەنلىك مۇناسىۋىتى بارلىقىنى، باشقا مۇناسىۋەتلەر بىلەن پايدىلا نغىلى بولىدىغانلىقىنى پەملىدى. شۇنىڭ بىلەن چوڭچىڭدىن ئۈرۈمچىگە ئۇچۇشتىن بىر كۈن بۇرۇن يەنى 9- ئاينىڭ 12- كۈنى ۋۇ جوڭشىنغا تېلېگراممىا يوللاپ، مەسئۇد، ئىمىن، ئەيسا قاتارلىقلارنى ئۈرۈمچىگە مۇناسىۋەتنى راۋانلاشتۇرغىلى ئېلىپ كەلمەكچى بولغانلىقىنى، ۋۇ جوڭشىندىن قوشۇلىدىغان - قوشۇلمايدىغانلىقىنى سورىدى.

ئۈچ ئاي ئىلگىرى جياڭ جيېشى ۋۇ جوڭشىندىن مەسئۇدنىڭ شىنجاڭغا قايتىشى توغرىسىدا پىكىر ئالغاندا، ۋۇ جوڭشىن مەسئۇد، ئەيسا قاتارلىقلارنى شەرقى تۈركىستان ئىدىيىسىدىن ۋاز كەچكەندىلا ئاندىن شىنجاڭغا قايتۇرۇش پىكرىدە چىڭ تۇرغان. دەسلەپكى ۋاقىتلاردا ۋۇ جوڭشىننىڭ شىنجاڭنى تەرتىپكە سېلىش ئىشەنچىسى زور ئىدى. ئەمما كېيىنكى ۋەزىيەتتە ئۈرۈمچى ئۈچ ۋىلايەت ئارمىيىسىنىڭ بىۋاستە تەھدىتىگە ئۇچراپ، ۋۇ جوڭشىن ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە ئامالسىز قالدى. بۇ ۋاقىتتا شىنجاڭ مەسىلىسىنى ھەل قىلىشقا بەل باغلىغان جاڭ جىجوڭنىڭ مەسئۇدنى ئېلىپ كېلىش تەلىپىنى تەبىئىيلا رەت قىلالمايتتى. ئۇنىڭ بىلەن جو شىياۋلياڭ بىرلەشمە تېلېگراممىا يوللاپ، مەسئۇدلارنىڭ شىنجاڭغا كېلىشى ۋەزىيەتكە پايدىلىق بولىدىغانلا بولسا قارشى ئالىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. جاڭ جىجوڭ ۋۇ جوڭشىنغا بولغان ھۆرمىتىنى

بىلدۈرۈش ئۈچۈن بىرىنچى قېتىم شىنجاڭغا كەلگەندە مەسئۇدلارنى ئېلىپ كەلــمەي ۋۇ جوڭشــىننىڭ تىلېگراممىســىنى تاپشــۇرۇپ ئالغــان ھەمــدە ۋۇ جوڭشىن يـۈز تـۇرانە قوشـۇلغاندىن كـېيىن، 10 ـ ئاينىـڭ ئوتتۇرىلىرىـدا شىنجاڭغا ئىككىنچى قېتىم تىنچلىق سۆھبىتىگە كەلـگەن ۋاقىتتا ئـۇلارنى ئاندىن بىللە ئېلىپ كەلدى.

## شىنجاڭغا قايتىش ئۈمىدى ئەمەلگە ئېشىش

جاڭ جىجۇڭنىڭ سىياسىي فاگجېنى مەسئۇدنىڭ شىنجاڭغا قايتىش ئۈمىدىنى رىياللىققا ئايلاندۇردى.

1945 ـ يىلــى 10 ـ ئاينىــڭ 17 ـ كـۈنى مەســئۇد ۋە مـۇھەممەت ئىمىن، ئەيسالار جـاڭ جىجوڭنىـڭ چاقىرىقى بىـلەن بىـرلىكتە شـىنجاڭغا قاراپ ئۇچتى. ۋۇ جوڭشىننىڭ مەسئۇد قاتارلىقلارغا بولغان تونۇشى ياخشى بولمىغاچقا، ئۇلارنى قارشى ئېلىشقا پەقەت ئۆلكىلىـك ھۆكۈمەتنىـڭ بـاش كــاتىپى زىيــڭ شــياۋلۇ ۋە ھەر قايســى نازارەتلەرنىــڭ باشــلىقلىرىنى ئايرودرومغا ئەۋەتتى. ۋۇ جوڭشىن جاڭ جىجوڭ بىلەن كۆرۈشكەن ۋاقىتتا سەممىيلىك بىلەن: «مەسـئۇد قاتارلىقلارنىـڭ ئـۈچ ۋىـلايەت ۋەكىللىـرى بىلەن كۆرۈشۈشىنى تەشەببۇس قىلمايمەن، سۆھبەتكە قاتنىششىنى تېخىمۇ تەشەببۇس قىلمايمەن. مۇبادا سۆھبەتتە قىيىنچىلىق تۇغۇلسا، ۋەزىيەتنـى قايتا پەملەپ، مەسئۇدلارنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىپ سالا قىلىش ـ قىلماسلىقىنى قارار قىلساق» دېدى . چـۈنكى سـۆھبەتنى قـارار قىلـىش ھوقـۇقى جـاڭ جىجوڭنىڭ قولىدا بولۇپ، ۋۇ جوڭشىن ئۆزىنىڭ تەكلىپىنى پايدىلىنىشى ئۈچۈن ئوتتۇرىغا قويغان ئىدى.

مەسئۇد ئۆزى قاتارلىقلارنىڭ شىنجاڭغا قايتىش چۈشىنىڭ ئەمەلـگە ئېششىدا پۈتـۈنلەي جـاڭ جىجوڭغـا تايانغـانلىقىنى بىلەتتـى . ئەمما بـۇ ۋاقىتتا شىنجاڭ ئۆلكىلىـك ھۆكۈمەتنىـڭ رەئىسـى ۋۇ جوڭشـىنغا كۆڭلـىدە ئىنتايىن ئۆچ بولۇپ، سىرتقى جەھەتتىن ئىنتايىن ھۆرمەتلىگەن قىياپەتكە كىرىۋالاتتى. ھەر قېتىم ۋۇ جوڭشىن بىلەن كۆرۈشـكەن ۋاقىتتـا، ھەمىشـە «كەمـتەر پوزىتسـىيە» دە بولـۇپ، ھەدەپ خۇشـامەت قىلىــپ، «ھازىرغـا

قەدەر مەركەزدىن كەلگەنلەر ئىچىدىكى تەڭداشسىز شەخس »، «بىز شىنجاڭلىق تۇرۇپ شىنجاڭ تارىخىنى ۋۇ جۇشىدەك بىلمەيدىكەنمىز، ھەقىقەتەن قايىل بولدۇم» دەپ ماختايتتى. ۋۇ جوڭشىن ئۇلارغا بىر يىللىق سىياسىي ئىشلارنى يولغا قويۇش ئەھۋالىنى تونۇشتۇرغان ۋاقىتتا مەسئۇد قاتارلىقلار «ئىنتايىن قايىل» بولغانلىقىنى بىلدۈرۈپلا قالماستىن بەلكى «چىن كۆڭلىدىن ئاپىرىن ئوقۇش ھېسسىياتى » دا بولدى. سۆھبەت مەزگىلىدە ۋۇ جوڭشىن ئۆزىنىڭ خەنزۇ ۋە ئاز سانلىق مىللەتلەر ئارىسىدا مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش توغرىسىدىكى كۆز قارىشىنى سۆزلىگەندە مەسئۇد دەرھال ۋۇ جوڭشىنىنىڭ سۆزىنى ئىسلام دىنى كىتابلىرىغا سىڭدۈرۈپ، «ئىسلام دىنىنىڭ قۇرئاندىمۇ ‹ئومۇمەن مەدەنىيىتى قالاق مىللەتلەر چوقۇم مەدەنىيىتى تەرەققىي قىلغان مىللەتلەردىن ئۆگىنىشى كېرەك، بولمىسا مۇھەممەد پەيغەمبەر رۇخسەت قىلمايدۇ› دېگەن. بۇنىڭ مەنىسى ۋۇ جۇشىنىڭ پىكرى بىلەن ئوخشاش» دېدى. ۋۇ جوڭشىن بۇ ھالەتنى كۆرگەندىن كېيىن پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ شىنجاڭنىڭ «يۈكسەك ئاپتونومىيىسى » نى تەشەببۇس قىلىدىغان مەسئۇد قاتارلىقلارغا نەسىھەت قىلىپ: «ئاتالمىش ئاپتونومىيە ئاسانلا ۋۇجۇدقا چىقمايدۇ، چوقۇم مۇناسىپ قەدەملەرنى بېسىش ھەمدە زۆرۈر بولغان شارائىتلارنى ھازىرلاش كېرەك. ئۇنداق بولمىغاندا پەقەت قۇرۇق ناملا بولۇپ ئەمەلىيىتى بولمايدۇ.» دېدى . ئۇلار بېشىنى لىڭشىتىپ قوشۇلىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈشتى.

ۋۇ جوڭشىن ئۇلارنى ئۆزىگە قارىتىشنى ئويلاپ ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە «ھالىدىن خەۋەر» ئېلىپ، ئۇلارغا خۇرۇم چاپان، سوكنا قاتارلىق نەرسىلەرنى ھەدىيە قىلدى. قۇربان ھېيت ۋاقتىدا ئۇلارنى جاك جىجوڭ بىلەن بىرلىكتە زىياپەتكە چاقىرىپ «تەبرىكلەيدىغانلىقىنى» بىلدۈردى. 1945 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدا يەنە مەسئۇد، ئىمىن، ئەيسالارنىڭ ھەربىرىگە 200 مىڭ يۈەندىن فابى (1935 ـ يىلىدىن كېيىن گومىنداڭ تارقاتقان قەغەز پۇل) ھەدىيە قىلدى. ئۈچەيلەن رەھمەت ئېيتىپ تاپشۇرۇۋالدى.

ۋۇ جوڭشىن مۇشۇنداق ھېسسىيات ئالاقە شەكلى ئارقىلىق ئۇلارنى تەسىرلەندۈرۈپ، ئۇلارنىڭ سۆز ھەرىكىتىنى تىزگىنلەشنى ئۈمىد قىلاتتى. ئەمما بۇنىڭ ئەكسىچە، مەسئۇد ھەرىكىتىنى تىزگىنلىمەيلا قالماستىن،

مەركەز رەھبىرى سالاھىيىتى بىلەن ھەممە يەردە ئالدامچىلىق قىلىپ، دۆلەتنى پارچىلاشقا ئورۇندى . 1945- يىلى 11- ئاينىڭ 18- كۈنى مەسئۇد قاتارلىقلار تۇرالغۇسىدا يىغىن ئېچىپ، شەرقى تۈركىستان تەشۋىقاتى ئارقىلىق بۆلگۈنچىلىككە قۇتراتتى. ئىككىنچى كۈنى يەنە ئوخشاش يىغىن چاقىرغان بولۇپ، 50 ئادەم قاتناشتى. يىغىن ئارقىلىق ئۇلار ئاتالمىش «يۈكسەك ئاپتونومىيە» تەشەببۇسىنى تەرغىب قىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە يەنە ئۇرۇمچى نەنگۇەندىكى(جەنۇبىي قوۋۇقتىكى) مەسچىتلەر ۋە ئاما بىلەن ئۇچرىشىش پۇرسىتىدىن پايدىلىنىپ ئاممىنى ئازدۇرۇپ، شىنجاڭنىڭ «يۈكسەك ئاپتونومىيىسى »نى ھەل قىلىپ بېرىش پىكرىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، ئاتالمىش «تۈرك مىللىتى»نى تارتىۋاتقان ئازابتىن قۇتۇلدۇرۇشنى تەلەپ قىلدى. ئۇلار يەنە مەسچىتلەر ـ نىڭ چوڭ ئاخۇنلىرى ۋە ئىماملىرىدىن ئېتىقادچى ئاما يىغىلىش ۋاقىتلىرىدا ئۇلارغا دادىللىق بىلەن چۈشەندۈرۈشنى، ئالدىنقىلارنىڭ سۆزلەشكە جۈرئەت قىلالماسلىقىدەك كەيپىياتىنى دورىماسلىقنى تەلەپ قىلدى. ئۇلارنىڭ قايمۇقتۇرۇشىغا ئۇچرىغان ئاما تەپتارتماستىن: «خەنزۇلارنىڭ كۈچى قالمىدى. ھاكىمىيەتنى تېزدىن بىزگە ئۆتكۈزۈپ بېرىشى كېرەك. بولمىسا ئۇلارنى يوقاتقىلى پىچاق، پالتا، كالتەك تەييارلاپ قويدۇق» دەپ تەشۋىق قىلدى. ئۇلار ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلمايدىغان ئاممىنى، ھەتتا ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان خۇيزۇ ئاممىسى ۋە ئۇلارنىڭ ئازغۇن تەشۋىقاتلىرىغا ئىشەنمىگەن ئۇيغۇر ئاممىسىنى بىردەك چەتكە قېقىپ، بوھتان چاپلاپ زەربە بەردى.

ۋۇ جوڭشىن ئېرىشكەن ئاخباراتلار مەسئۇد قاتارلىقلارنىڭ شىنجاڭغا كەلگەندىن كېيىن مەخپىي تۈردىكى ئۇرۇمچىدىكى خەنزۇلارغا قارشى بۆلگۈنچى تەشكىلاتلار بىلەن ئالاقىلاشقانلىقى، ئەيسانىڭ ئۇلارغا بىۋاستە مەدەت بېرىپ، يول- يورۇق بېرىپ تۈرتىۋاتقانلىقىنى ئىسپاتلىدى. بۇ خىل ئۇسۇللار ئارقىلىق ئاممىنى پائال مايىل قىلىپ، تەسىر دائىرىسىنى كېڭەيتتى. ئىگىلىگەن بىرىنچى قول ئىسپاتلاردىن ۋۇ جوڭشىن مەسئۇد قاتارلىقلارنىڭ پائالىيەتلىرىدىن قاتتىق نارازى بولۇپ ئاغرىنغان ھالدا، ئۇلار ئەدەپ يوسۇنلۇق بولۇۋېلىپ مەركەزنى بىر نەچچە يىل ئالدىدى. بۇ قېتىم شىنجاڭغا قايتىپ چىققاننىڭ نەتىجىسى يەنىلا جېدەلگە قۇترىتىش

بولدى...نۇرغۇن ئـاۋارىچىلىقلارنى تېپىپ بەردى. ھەقىقەتەن كىشىنىڭ غەزىپىنى كەلتۈرىدۇ، دېدى. ئۇ يەنە ھەسرەتلىنىپ تۇرۇپ: مەسئۇد، ئىمىن، ئەيسا قاتارلىقلارنىڭ بىلىمى، تالانتى، ئابرۇيىغا گەپ كەتمەيدۇ. ئەمما تار مىللەتچىلىكى ئىنتايىن ئېغىر. مەركەزدىكى ئاز سانلىق زاتلار ئۇلار تەرەپكە ئېغىپ، ئۇلارغا ئالدىنىپ، ئۇلارنى ئىككى قوللاپ كۆتۈرۈپ، ئۇلارغا خۇشامەت قىلىپ، ئۇلارنىڭ ھاكاۋۇرلۇق پىسخىكىسى ۋە ئاساسسىز سەپسەتىلىرىنى تېخىمۇ كۈچەيتىۋەتتى. شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، «ئىلگىرى شىنجاڭنىڭ نامىنى كۆتۈرۈۋېلىپ مەركەزنى، ئەمدى مەركەزنىڭ نامىنى كۆتۈرۈۋېلىپ شىنجاڭنى قالايمىقان قىلغىلى تۇردى. ھەممىسىنىڭ مەقسىتى نام- شۆھرەت قازىنىشقا قورۇنۇش ، ئوتتۇرىدىن مەنپەئەت ئېلىش» دېدى.

ۋاقىتنىڭ ئۆتىشىگە ئەگىشىپ، ۋۇ جوڭشىن مەسئۇد قاتارلىقلارنىڭ ئىش-ھەرىكىتىگە بولغان غەزىپىنى باسالماي، جاڭ جىجوڭغا بىۋاستە تەكلىپ بېرىپ، «مەسئۇدلارنى بالدۇرراق ئىچكىرىگە كىرگۈزىۋېتىش» نى تەلەپ قىلدى. چوڭچىڭدا تۇرۇۋاتقان جياڭ جيېشىمۇ مەسئۇد قاتارلىقلارنىڭ پەردە ئارقىسىدا باشقا ھەرىكەتلەر بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقانلىقى توغرىسىدىكى دوكلاتلارنى تاپشۇرۇۋېلىپ، جاڭ جىجوڭ، ۋۇ جوڭشىنلارغا كۆپرەك دىققەت قىلىشىنى تەكىتلىدى. مەسئۇدنىڭ بۆلگۈنچىلىك ھەرىكەتلىرى نۇرغۇن يەرلىك ئۇيغۇر زاتلىرىنىڭمۇ نارازىلىقىنى قوزغىدى. يەرلىكلەرنىڭ قارىشىچە، مەسئۇدنىڭ «شىنجاڭدا يۇكسەك ئاپتونومىيە بولۇش چۇقانىنى سېلىشى» ماھىيەت جەھەتتە يەرلىك خەلق ئويلىغاندەك بولماستىن بەلكى پۈتۈنلەي ئۆزىنىڭ ئورنى ۋە ئۆزىنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن بولۇپ، ئۇنىڭدىن «خەلق ئارىسىغا بۆلگۈنچىلىك سېلىش، شىنجاڭنى بۆلىۋېتىش» ، شىنجاڭنى «مەڭگۈ ئەسلىگە كەلتۈرگىلى بولمايدىغان پاجىئەگە پاتقۇزۇش»تەك ئاقىۋەت كېلىپ چىقاتتى.

ئەمما جياڭ جيېشىنىڭ ئاگاھلاندۇرۇشى، ۋۇ جوڭشىنىڭ غەزەپلىنىشى ۋە ئۇيغۇر قېرىنداشلارنىڭ قارشى تۇرۇشى جاڭ جىجوڭ قاتارلىقلارنىڭ شىنجاڭ مەسىلىسىنى ھەل قىلىشتا بىرىكتىكەن فاڭجېنى : مەسئۇدنى ھۆرمەتلەپ، سۆھبەت تارازا تېشىنى ئېغىرلىتىش، بۇ ئارقىلىق

يەرلىك ئۇيغۇرلارنىڭ ئىشەنچىسى ۋە قوللىشىنى قولغا كەلتۈرۈش فاڭجېننى ئۆزگەرتەلمىدى. 1946 ـ يىلى 2 ـ ئايدا، ۋۇ جوڭشىن مەسئۇد ـ نىڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ مەمۇرى تەپتىشلىكىگە تەيىنلەنگەنلىك خەۋىرىنى ئاڭلاپ، قارشى تۇرىدىغانلىقىنى مەركەزگە قايتا ـ قايتا بىلدۈردى. ئەمما مەركەز تىڭشىمىغاچقا جاڭ جىجوڭدىن قاتتىق نارازى بولدى. ئۇ ئىستىپا بېرىپ شىنجاڭدىن ئايرىلغان ۋاقىتتىمۇ جاڭ جىجوڭغا كۆيۈنگەن ھالدا نەسىھەت قىلىپ: مەسئۇد قاتارلىقلار بۇ قېتىم شىنجاڭدا تۇرۇش داۋامىدا، گەرچە سوۋېت ئىتتىپاقىغا قارشى تۇرۇشتا قەتئىي چىڭ تۇرغان بولسىمۇ، ئەمما شەرقى تۈركىستان ئىدىيىسىدىن ۋاز كېچەلمىدى. مۇقەررەركى، ھوقۇقىدىن پايدىلىنىپ، ئەل رايىنى قولغا كەلتۈرۈپ، تەشكىلاتنى ئۆزگە تارتىپ، كۈچ شەكىللەندۈرۈپ، ئەڭ ئاخىرىدا شىنجاڭنىڭ مۇستەقىل بولۇشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. شۇڭا جېدەلنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن مەسئۇد قاتارلىقلارنى ھەددىدىن زىيادە ئۆز مەيلىگە قويۇۋەتمەسلىك لازىم، دېدى . ئەمما جاڭ جىجوڭ بۇنىڭغا پەرۋا قىلماي، مەسئۇدنىڭ سوۋېتقا قارشى قەتئىي پوزىتسىيىسىدىن پايدىلانما ـ قچى بولدى. ئۇ ۋۇ جوڭشىنغا ئېنىق چۈشەندۈرۈپ: ئىككىمىزنىڭ شىنجاڭنى تۈزەش پىكرىمىزنىڭ 80% ى ئوخشاش، پەقەت مەسئۇدقا بولغان پوزىتسىيىمىز ئوخشىمايدۇ. مەن يەنىلا مەسئۇد قاتارلاردىن پايدىلىنىپ ۋەزىيەتنى تېزگىنلەيمەن، دېدى . ۋۇ جوڭشىن شىنجاڭدىن ئايرىلغاندىن كېيىن، مەسئۇد 1946 ـ يىلى ئاخىرى ئىشقا چۈشۈپ، شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ مەمۇري تەپتىشى ئورنىغا چىقتى.

### قەدەممۇقەدەم ئۆسۈپ، شىنجاڭدىكى ئەڭ

### ئالى ھوقۇق ئورنىغا چىقىش

مەسئۇد قاتارلىقلار يايون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشىنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدىلا، گومىنداڭ ھۆكۈمىتىدىن ژۇرنال چىقىرىش ھوقۇقىنى ئالغان ئىدى. ئەمما ئۇ ۋاقىتتا، ئىلىمىزنىڭ غەربىي جەنۇبى بولغان چوڭچىڭدا تۇرغاچقا، بۇ ژۇرنالنىڭ غەربىي شىمالدىكى شىنجاڭغا

بولغان تەسىرى يوق دېيەرلىك ئىدى. بۇ قېتىمقى شىنجاڭغا قايتىش رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇش پۇرسىتىنى بەرگەن ئىدى. شۇڭا مەسئۇد ۋەزىپىگە ئولتۇرغاندىن باشلاپ، «ئالتاي» ژۇرنىلىنىڭ نامىنى ئالتاي نەشرىياتىغا ئۆزگەرتىپ تەشكىللەپ، قوشۇن تەركىبىنى كېڭەيتتى. داغدۇغا قوزغاپ تەسىرنى زورايتىش ئۈچۈن ئۆزگەرتىپ تەشكىللەشنى قارار قىلىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، كەڭ-كۆلەمدە ئەزا تەرەققىي قىلدۇرۇشقا قول تىقىپ، ئەزالارنى تىزىملاش جەدۋىلىنى كەڭ-كۆلەمدە تارقاتتى. ئۇلارنىڭ سەپەرۋەر قىلىشى بىلەن ئۇزۇن ئۆتمەيلا قوبۇل قىلىنغان ئەزالارنىڭ سانى 1000 نەپەردىن ئاشتى. 80 كىشىنى تاللاپ پەخرى كومىتېت قۇرۇپ، مەسئۇد مۇدىر ھەيئەتلىكىنى ئۈستىگە ئالدى. بۇنىڭدىن باشقا، شىنجاڭدىكى ئاممىنىڭ ئىشەنچىسى ۋە ھىمايىسىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن، ئۆزىنى ئاممىنىڭ ۋەكىلى ھېسابلاپ ، بارلىق كۈچى بىلەن شېڭ شىسەينىڭ جىنايەتلىرى ئۈستىدىن شىكايەت قىلىپ، «دۆلەت قانۇنىنى كۆزگە ئىلمىدى، خەلققە ئۇۋال قىلدى» دەپ جار سالدى. بۇ ئىشنى ئۇ ئاممىنىڭ رايىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن قىلغان ئىدى.

1946 - يىلى 6 - ئاينىڭ 24 - كۈنى ئالتاي نەشرىياتىنىڭ رەسمىي قۇرۇلغانلىقى جاكارلاندى. مەسئۇد نەشرىياتىنىڭ پەخرى باشلىقلىقىنى، ئىمىن باش مۇھەررىرلىكىنى ئۈستىگە ئالدى. كۈندىلىك خىزمەتلەرگە ئەيسا قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان 15 نەپەر دائىمىي ھەيئەت رىياسەتچىلىك قىلدى. بۇ مەسئۇد باش بولغان مەتبۇئات تەشكىلاتىنىڭ نامى نەشرىيات بولغان بىلەن ئەمەلىيەتتە مەسئۇد قاتارلىقلارنىڭ كونتروللۇقىدىكى بىر پانتۈركىزم تەشكىلاتى بولۇپ، ئاز سانلىق مىللەت ياشلىرىنى تورغا چۈشۈرۈش ۋە ئالداش ئارقىلىق، ئۇلارنىڭ شىنجاڭنى پارچىلاشتىن ئىبارەت ئەكسىيەتچىل نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن كىلىمات شەكىللەندۈرۈش، ئاساس سېلىشنى مەقسەت قىلغان ئىدى. 1947 - يىلى 11 - ئايدا، نەشرىياتتا يەنە ئىلمى جەمئىيەت قۇرۇلۇپ، قارمىقىدا تارىخ-جۇغراپىيە بۆلۈمچىسى، يېزىق بۆلۈمچىسى ۋە قىرائەتخانا تەسىس قىلىندى. بۇ ئاپپاراتلار قارىماققا ئىلىم-پەن ئىشلىرى بۆلۈمىدەك كۆرۈنسىمۇ، ئەمەلىيەتتە ئۇنىڭ ماھىيىتى پانتۈركىزم، پانئىسلامىزمنى تارقىتىش ئۈچۈن تارىخ ۋە نەزەرىيىۋى ئاساسلارنى تۈزۈش ئىدى.

قىرائەتخانىنىڭ كىتابلىرى تۈرلۈك يوللار ئارقىلىق چەتئەلدىن سېتىۋېلىنغان ياكى چەتئەلدىن ئىئانە قىلىنغان بولۇپ، كۆپىنچىسى پانئىسلامىزم، پانتۈركىزمنى تەشۋىق قىلىپ، ئۇلارنىڭ شىنجاڭ تارىخىنى ئويدۇرۇپ چىقىرىشى، «قوش پان ئىزىم» ئىدىيىسىنى تارقىتىشى ئۈچۈن «ئىلھام» ئاتا قىلاتتى. ئىلمى جەمئىيەت ھەر ھەپتىدە بىر قېتىم قەرەللىك يىغىن ئېچىپ، ئاساسلىقى مەسئۇد، ئىمىن، ئەيسا قاتارلىقلار خىيالىدىكى «شىنجاڭ تارىخى» ۋە پانتۈركىزم، پانئىسلامىزم ئىدىيىسىنى تەشۋىق قىلاتتى. نەشرىيات ئۇيغۇر، قازاق تىلىدىكى قەرەللىك ژۇرنال «ئالتاي ئايلىق ژۇرنىلى»، «ئەركىنلىك گېزىتى» نى چىقارغاندىن سىرت، يەنە بەزى كىتابلارنى نەشر قىلدى. مەسىلەن، پولات قادىرنىڭ «ئۆلكە تارىخى» مۇشۇ مەزگىلدە نەشر قىلىنغان بولۇپ، مۇھەممەت ئىمىننىڭ «شەرقى تۈركىستان تارىخى» دىن كېيىن چىققان پانتۈركىزمنى تەشۋىق قىلىپ تارىخنى بۇرمىلايدىغان يەنە بىر كىتاب ئىدى.

بۇ مەزگىلدە مەسئۇد ئالتاي نەشرىياتىنى تايانچ قىلىپ، ئۆزىنىڭ تەشكىلى سىستېمىسىنى قۇرۇپ چىقتى، ئۇيغۇر تىلىدىكى جامائەت پىكرى تەشۋىقاتىدا، «شىنجاڭ» دېگەن سۆزنى تەپتارتماي ئوغرىلۇقچە «جۇڭگو تۈركىستان» (چىنى تۈركىستان) دەپ ئۆزگەرتىپ، شىنجاڭدىكى تۈرك تىلىنى قوللىنىدىغان مىللەتلەرنى بىردەك «تۈرك مىللىتى» دەپ ئاتىدى. خەنزۇ تىلىدىكى نامى ئۆزگەرمەي، پەقەت ئۇيغۇر تىلىدىلا «جۇڭگو تۈركىستان» ۋە «تۈرك مىللىتى» دېگەن ئىبارە كېڭەيگەچكە خېلى ئۇزاق ۋاقىتقىچە كىشىلەر دىققەت قىلمىدى.

مەسئۇدنىڭ بۇ ۋاقىتتىكى سالاھىيىتى ـ شىنجاڭنىڭ تەپتىشى ئىدى. نەزەرىيە جەھەتتىن ئالغاندا، ئۇ مەركىزى ھۆكۈمەتكە ۋاكالىتەن يەرلىكنى مەمۇرىي تەپتىش قىلاتتى. ئۇنىڭ ئورنى شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ رەئىسىدىنمۇ يۇقىرى ئىدى، ئەمما بۇ ئورۇننى ھېچكىم ئالاھىدە ھۆرمەتلىمەيتتى. ھەتتا مەسئۇدمۇ شۇنداق قارايتتى. بۇ ۋاقىتتا ئۇ داۋاملىق شىڭ شىسەي ئۈستىدىن شىكايەت قىلىش ئارقىلىق ئابرۇيىنى ئۆستۈرگەندىن باشقا، ئاساسلىق زېھنىنى پانتۈركىزم ۋە پانئىسلامىزمنى تارقىتىشقا قاراتقان ئىدى. 1947 ـ يىلى شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ كېڭەشمە يىغىنى ئېچىلىش ھارپىسىدا، مەسئۇد مەمۇرىي تەپتىش سالاھىيىتى بىلەن ئاشكارا ھالدا: «شىنجاڭ

تۈركلەرنىڭ يۇرتى، بىز چوقۇم مەيدانىمىزنى مۇستەھكەملىشىمىز، جۇڭگو تۈركىستان قۇرۇش غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈرۈشىمىز لازىم»، دېدى . ئۇ بىر تۇتاش رەھبەرلىك قىلىۋاتقان ئالتاي نەشرىياتى كىتاب ، ژۇرنال ، گېزىت قاتارلىقلارنى ۋاستە قىلىپ، ئارقا-ئارقىدىن شىنجاڭدىكى بىر نەچچە ئاز سانلىق مىللەتنى «تۈرك» مىللىتى، شىنجاڭنى «تۈركىستان» دەپ ئاتاپ، بۇ ۋاستىلەرنى تەكرار قوللىنىش ئارقىلىق كىشىلەرنى ئادەتلەندۈرۈشنى پىلانلىدى. بۇ خىل ئۇسۇل راستتىنلا ئۇنۇمگە ئېرىشىپ، ئەينى ۋاقىتتا نۇرغۇن ئۇيغۇرلارلا بولۇپ قالماي، ھەتتا قازاقلار، قىرغىزلارمۇ خاتا چۈشەنچە بىلەن ئۆزلىرىنى تۈرك مىللىتى دەپ قارىدى. بەزى خەنزۇلارمۇ بۇ مىللەتلەرنى تومتاقلا «تۈرك مىللىتى» ھەتتا «تۈركىيە مىللىتى» دەپ ئاتىدى. بۇنىڭدىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدىكى، ئەينى ۋاقىتتىكى پانتۈركىزم، پانئىسلامىزم تەشۋىقاتىنىڭ داغدۇغىسىنىڭ زور بولغانلىقىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ.

ئەمما «تۈرك» مىللىتىنى يارىتىش ئاسان ئەمەس ئىدى. گەرچە، ئۇيغۇر، قازاق يېزىقلىرىنىڭ ھەممىسىدە ئەرەبچە ھەرپ قوشۇلۇپ يېزىلغان بولسىمۇ، ئەمما ھەممىسىنىڭ ئۆز ئالدىغا تىلى بولۇپ، ئىككى تەرەپنىڭ سۆھبەتلەشمىكى قىيىن ئىدى، ھەتتا تەرجىمان كېتەتتى. مەسئۇدلار سىياسىي زۆرۈرىيەتنى كۆزدە تۇتۇپ، بىر ئورتاق تىل يارىتىشقا تەييارلىق قىلدى. شۇڭا مەسئۇد مەخسۇس «ياش تىل خىزمەتچىلىرىنىڭ تۈرك تىلىنى بىرلىككە كەلتۈرۈش بويىچە سۆھبەت يىغىنى»نى چاقىرىپ، يىغىندا: «بىزنىڭ سۆھبەت يىغىنى ئېچىشىمىزدىكى مەقسەت — ‹تۈرك تىلى› گۇرۇپپىسىنى قوللىنىدىغان مىللەتلەرنىڭ تىل-يېزىقى بىر تۇتاش بولمايۋاتىدۇ، بۈگۈنكى كۈندە بىر قىسىملىرى سوۋېتلىشىپ كەتتى. ئەسلىدىكى سۆزلۈك ۋە گراماتىكىمىزنىڭ كۆپ قىسمى بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىدى. شۇڭا نۆۋەتتە سىرتتىن كىرگەن سۆزلەرنىڭ ھەممىسىنى چىقىرىۋېتىشىمىز، ئەسلىدىكى سۆزلۈك ۋە گراماتىكىنى قوللىنىپ، يېزىقىمىزنىڭ ئەسلى قىياپىتىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشىمىز لازىم» دەپ جاۋىلىدى.

مەسئۇد قاتارلىقلار تىل-يېزىقنىڭ ئەسلى قىياپىتىنى ئەسلىگە كەلتۈرىمىز دەپ داۋراڭ سالغان بولسىمۇ، ئەمەلىيەتتە ماقالە ۋە

نۇتۇقلىرىدا تۈرك تىلى سۆزلۈكى، گىراماتىكىسىنى كۆپلەپ ئىشلەتتى. بۇنىڭدىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدىكى، ئاتالمىش تىل-يېزىقنى بىرلىككە كەلتۈرۈش—ئۇچۇق قىلىپ ئېيتقاندا، سوۋېت ئىتتىپاقىغا قارشى تۇرۇش، «ئۇچ ۋىلايەت» ئىنقىلابىغا تاقابىل تۇرۇش، ھەممىنى «تۈركلەشتۈرۈپ»، بۇ ئارقىلىق بىر ئورتاق تىل—تۈركلەشكەن ئۇيغۇر تىلىنى شىنجاڭدىكى باشقا «تۈرك مىللىتى» تىلىنىڭ ئورنىغا دەسسىتىش ئىدى.

1944- يىلدىن 1947- يىلغىچە بولغان ئارىلىقتا، مەسئۇد جاڭ جىجوڭنىڭ شىنجاڭنى تىزگىنلەش سىياسىتىدىكى «ئۇچ ۋىلايەت»نى ئىسكەنجىگە ئېلىشتىكى مۇھىم شەخس بولۇش سۈپىتى بىلەن جەنۇبىي- شىمالى شىنجاڭدا پائالىيەت بىلەن شۇغۇللىنىپ، تەشۋىق قىلىپ، كىشىلەرنى ئۆزىگە مايىل قىلدى. بولۇپمۇ جەنۇبىي شىنجاڭ رايونلىرىدا ، ئۇ شىڭ شىسەيگە قەتئىي قارشى تۇرغانلىقتىن ئۇچ ۋىلايەت ۋە قەشقەردىن باشقا كۆپ قىسىم رايونلاردىكى ئامما بىلەن ئىشەنچىسى ۋە قوللىشىغا ئېرىشتى. سىياسىي ئېھتىياجنى كۆزدە تۇتۇپ، ئۆزىنىڭ سىياسىي ئىدىيىسىدە ئېھتىياتچان بولدى. جاڭ جىجوڭ دېموكراتىيە —سىياسىينىڭ ئاساسى مەزمۇنى، ئۇ پارتىيىگە قارشى تۇرۇشنى ئۆز ئىچىگە ئالالىشى، غەيرى ئىشلارغا بەرداشلىق بېرەلىشى كېرەك دەپ قارايتتى. شۇڭا مەسئۇدقا قارىتا سەۋرچانلىق پوزىتسىيىسىنى قوللاندى. مۇشۇنداق قىلغان تەقدىردىمۇ، جاڭ جىجوڭ «تىنچلىق سىياسىتى»نى نىسبەتەن سىلىق يولغا قويغان تۇرۇقلۇق يەنە زور دەرىجىدىكى قارشىلىققا ئۇچرىدى. قەشقەرگە بارغان ۋاقىتتا ئاممىنىڭ قورشاپ ھۇجۇم قىلىشىغا ئۇچراپ، شۇنىڭ بىلەن «ئۇچ ۋىلايەت»كە مەجبۇرلاش، قاتتىق قول بولۇش سىياسىتىنى يولغا قويۇش قارارىنى تېزلەتتى، ھەمدە مەسئۇدنى شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ رەئىسلىكىگە كۆرسەتمەكچى بولدى. مەسئۇدنىڭ ئورنى پەيدىن پەي يۇقىرى ئۆرلەپ، شۇنىڭدىن باشلاپ ھوقۇقى يۇقىرى پەللىگە چىقتى.

1947- يىلى 5- ئايدا، مەسئۇد شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ رەئىسلىكىگە تەيىنلەندى. مەسئۇد جاڭ جىجوڭنىڭ پىكرى بىلەنلا رەئىس بولۇپ قالماستىن بەلكى، جياڭ جيېشىمۇ بالدۇرلا ئويلاشقان ئىدى. شۇ يىلى 3- ئايدا جاڭ جىجوڭ جياڭ جيېشىغا خىزمەت دوكلاتى يوللىغان ۋاقىتتا،

جىياڭ جىيېشى مەسئۇدنى رەئىسلىككە تەيىنلەش توغرىسىدا جاڭ جىجوڭدىن پىكىر ئالغان، ھەمدە «مۇشۇنىڭغا باغلاپ ئۇنى تىزگىنلەش» ئىستراتېگىيىسى ئارقىلىق شىنجاڭنى كونتىرول قىلىش مەقسىتىگە يەتمەكچى بولغان. جىياڭ جىيېشى مەسئۇد تەشەببۇس قىلىۋاتقان «شەرقى تۈركىستان مىللىي تېررىتورىيىسى» نەزەرىيىسىنى چۈشىنەتتى. ئۇنىڭ مەقسىتى، مەسئۇد قاتارلىقلار بىلەن بەلگىلىك سىياسىي رامكا ئىچىدە ھەمكارلىشىپ، «ئۇلارنىڭ قۇرۇق گەپ سېتىپ ئىشلارغا دەخلى قىلىشىغا يول قويماسلىق» ئىدى. جاڭ جىجوڭمۇ مەسئۇدنىڭ دېموكراتىيە توغرىسىدىكى پولىرى ۋە سوۋېت ئىتتىپاقىغا بولغان سىياسىي ئۆچمەن - لىكىدىن پايدىلىنىپ، «ئۈچ ۋىلايەت»نى تىزگىنلىمەكچى بولغان ئىدى.

مەسئۇد مەمۇرىي تەپتىش ۋەزىپىسىنى ئۆتەۋاتقان چاغلاردا، «يۈكسەك ئاپتونومىيە»نى تەرغىب قىلغان بولسىمۇ، قولىدا ئەمەلىي ھوقۇق بولمىغاچقا ھوقۇقدارلارغا يول قويۇپ، ئۆزىنى دالدىغا ئېلىشقا، سىلىق بولۇشقا مەجبۇر بولغان. ئەمما شىنجاڭنىڭ رەئىسىدىن ئىبارەت گۆھەر ئورۇنغا چىققاندىن كېيىن ئەيمىنىش ئازلاپ كۆڭلىدىن كۆڭلىگە ئۇچۇق ئاشكارا بولدى. ئۇ ۋەزىپىگە ئولتۇرغاندىن كېيىن ھوقۇقىدىن پايدىلىنىپ ئوخشاش يولدىكىلەر تەسىس قىلدۇرغان «ئەركىنلىك گېزىتى»، «تاڭ نۇرى گېزىتى»، «شىنجاڭ سەنئىتى»، «جۇڭگو شەرقى تۈركىستانى» قاتارلىق گېزىت ژۇرناللارنى دەرھال قولداپ، دېموكراتىيە توغرىسىدا ئاغزى-ئاغزىغا تەگمەي پو ئاتقاندىن سىرت، پانتۈركىزم ۋە ئاتالمىش «يۈكسەك ئاپتونومىيە» تەشۋىقاتىنى ئاساسى مېلودىيە قىلدى. ئۇ ھەتتا ئۆزى بىر سىياسىي ئوبزورلار توپلىمىنى نەشر قىلدۇرۇپ، كىتابىدا قىلچە يوشۇرماي: بىز تۈركلەر ئۈچۈن ئېلىپ ئېيتقاندا، ۋەتىنىمىز پەقەت تۈركىيە، تۈركىستانلارلا ئەمەس، بەلكى بىرلىككە كەلگەن بۈيۈك «تۇران» دېيدى. ئاتالمىش «تۇران» بارلىق تۈرك تىللىق سىستېمىسىدىكى مىللەتلەر ئولتۇراقلاشقان جايلارنىڭ بىرىكمىسىنى كۆرسىتەتتى.

مەسئۇد ۋەزىپىگە ئولتۇرغاندىن كېيىن ئۈچ ۋىلايەت تەرەپنىڭ قەتئىي قارشىلىقى ۋە توسقۇنلۇقىغا ئۇچرىدى. كۈچىنى كۆرسىتىش ئۈچۈن ئۇ ۋەزىپىگە ئولتۇرغان يىلىدىكى روزا ھېيت مەزگىلىدە باشقىدىن تەشكىل قىلىنغان ئاتلىق ئەسكەرلەر 1 - دېۋىزىيىسىنىڭ كوماندىرى ما چېڭشىياڭ

قاتارلىقلار بىلەن تىل بىرىكتۈرۈۋېلىپ، مىللەت دىن ئەسەبىي ئۇنسۇرلىرىنى قۇترىتىپ، شىنجاڭ گارنىزون باش شتابى ئالدىدىكى خەلق مەيدانىدا زور كۆلەمدىكى ناماز ئوقۇش پائالىيىتىنى ئۇيۇشتۇردى. ما چېڭشىياڭلار ئورۇنلىغان مەسئۇد ئۇچىسىغا ئاچ رەڭلىك مىللىي كىيىم كىيىپ بېشىغا سەللە ئورىغان ھالدا خەلق مەيدانىغا كېلىپ، ھىمايىچىلىرىنىڭ ئالقىشىغا ئېرىشتى. بۇنىڭدىن باشقا ئۇ يەنە قولىدىكى ھوقۇق ۋە تەشۋىقات قوراللىرىدىن پايدىلىنىپ ئۆزىنىڭ كۈچىنى تولۇقلاپ ، ئۇلارغا بېسىم چۈشۈرۈپ، «قىزىل پاچاق» لار دەپ تىللىدى ۋە ھەممە يەردە ئۈچ ۋىلايەت بىلەن قارشىلاشتى.

ئۈچ ۋىلايەت تەرەپ مەسئۇد بىلەن تىركىشىش ئۈچۈن ئۇنى تەختتىن چۈشۈشكە مەجبۇرلاپ، ئۇنى پاش قىلىش، توسۇشتىن سىرت يەنە بەزى رايونلار قوللاش ياكى قوراللىق قوزغىلاڭغا تەشكىللەش ئارقىلىق گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنى مەسئۇدنى ۋەزىپىگە قويۇش مەسىلىسىدە يول قويۇشقا مەجبۇرلىدى. ئەمما مەسئۇد ئۆزىنى ئالى ھوقۇقلۇق دەپ قاراپ ئۆز-ئارا يول قويمىدى. ئۇ باشقۇرۇۋاتقان گېزىتتا ھەتتا «قالايمىقانچىلىقنى قانۇن ئارقىلىق باشقۇرۇش» سەرلەۋھىلىك باش ماقالە ئېلان قىلىنىپ، قورال كۈچى ئارقىلىق خەلقنىڭ قارشىلىقىنى باستۇرۇشنى تەشەببۇس قىلىنىپ قانخورلۇق قىياپەت ئەكس ئەتتى. ۋەزىپىگە ئولتۇرغان ۋاقتىنىڭ ئۇزىرىشىغا ئەگىشىپ، مەسئۇد گومىنداڭ ۋەكىلى رولىنى ئېلىشقا رازى بولماي، ئۈچ ۋىلايەت تەرەپ بىلەن قەتئىي دۈشمەنلىشىش بىلەن بىر ۋاقىتتا ئۆزۈندىن بۇيان بېسىپ كېلىۋاتقان خەنزۇلارغا قارشى تۇرۇش، خەنزۇلارغا ئۆچ بولۇش كەيپىياتىنى تەدرىجىي ئاشكارىلاپ، ھەر خىل ۋاستىلەردىن پايدىلىنىپ، تار مىللەتچىلىك ئېقىمى خالىغانچە كۆچەيتىپ، ۋەتەن كۆز قارىشى ئاجىزلاپ، مىللىي زىددىيەت كەلتۈرۈپ چىقىرىپ، خەنزۇلارغا قارشى تۇرۇپ خەنزۇلارنى چەتكە قېقىشقا قۇتراتتى. ھەتتا ئاشكارا سەكرەپ ئوتتۇرىغا چىقىپ گومىنداڭ ئارمىيىسىنىڭ شىنجاڭدىن چېكىنىپ چىقىشىنى تەلەپ قىلدى. نەنجىڭ ھۆكۈمىتىگە قارىتا تۇتقان ئېھتىياتچانلىق پوزىتسىيىسىنى يىغىشتۇرۇپ، گومىنداڭدىن كۇنسايىن يىراقلىشىپ، دېموكراتىيە دەپ بېسىم ئىشلىتىپ، «يۈكسەك ئاپتونومىيە »نى تەلەپ قىلدى. ئۇ تىلغا ئالغان «يۈكسەك ئاپتونومىيە»

مۇستەقىللىق نىڭ باشقىچە ئاتىلىشى بولۇپ، ئۇنىڭ ئەڭ ئاخىرقى مەقسىتى كۆنلەرنىڭ بىرىدە شىنجاڭنى جۇڭگودىن ئايرىپ چىقىپ، جاھانگىرلارنىڭ بېقىندى دۆلىتى قۇرۇپ چىقىش ئىدى. ئۇنىڭ ئوغلى مەي خۇئەنشىن (ئەلتوغرۇل) 1948 ـ يىلى تەشۋىقات ۋە ھال سوراش ئۈچۈن جەنۇبى شىنجاڭغا بارغاندا قىلچە ھېيىقماستىن: «مېنى جياڭ جيېشى، جاڭ جىجوڭ ئەمەس، بەلكى بىزنىڭ رەئىس (مەسئۇدنى دېمەكچى ) ئۆزى ئەۋەتتى. بۇنىڭدىن كېيىن سۆزگە دىققەت قىلىڭلار، مەركەز، مۇدىر جاڭ جىجوڭ دېگەنلەرنى تىلغا ئالماڭلار؛ بىر نەچچە يىلدىن بۇيان مىللەت ئۈچۈن خەنزۇلار بىلەن قىلغان كۈرەشلىرىمىزنىڭ نەتىجىسى چىقمىدى. بۇنىڭدىن كېيىن مىللەت ئۈچۈن تېخىمۇ كۈرەش قىلغاندا ئاندىن ئىستىقبالىمىز بولىدۇ. ھازىر ھاكىمىيەت قولىمىزدا. مېنىڭ بۇ يەردە سۆز قىلىشىمدىكى مەقسەت ئاممىنى مىللىي ئاڭ بىلەن سۇغۇرۇش، ئۆز مىللىتىمىزدىن بولغان رەئىسنىڭ ئارزۇسىنى ئاممىغا بىلدۈرۈش، خەلقنى ئۆز مىللىتى، ئوخشاش دىنىدىكى رەئىسگە بەيئەت قىلدۇرۇپ ئۇلاردا مىللەت كۆز قارىشىنى ئويغۇتۇش. مۇشۇنداق بولغاندا خەنزۇلار تۈرك مىللىتىگە مۇتلەق ھۆكۈمرانلىق قىلالمايدۇ» دېگەن.

بۇ قىسقىغىنا سۆزدىن، ئۇلار ـ ئاتا ـ بالىنىڭ مەركىزى ھۆكۈمەتتىن ئايرىلىپ چىقىش، شىنجاڭنى مۇستەقىل قىلىش ئارزۇسى نەقەدەر كۈچلۈك ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ.

بۇ سىياسىي ئارزۇسىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن مەسئۇد قاتارلىقلار توختىماي ھەرىكەتلىنىپ ، گېزىت ـ ژۇرناللاردا پىتنە ـ ئىغۋا تارقىتىپ جېدەل چىقىرىش، خەلق ئارىسىدىكى مۇناسىۋەتنى سۇسلاشتۇرۇش، دۆلەتنىڭ بىرلىكىگە بۇزغۇنچىلىق قىلىش بىلەنلا بولماي يەنە گۇرۇھ شەكىللەندۈرۈش ئارقىلىق باشقىلارنى تازىلاش بىلەن بولدى. ھەر ۋاقىت ئۆز گۇرۇھىدىكىلەرنىڭ ۋەزىپىگە قويۇپ كۈچىنى زورايتتى. مىسالەن، مەسئۇد ئىمىن، ئەيسالارنى مۇھىم ئورۇنغا قويۇپلا قالماستىن يەنە بىر تۈركۈم پانتۈركىزم ئۇنسۇرلىرىنى ۋالىي، ھاكىم، ئۇيۇشما (ئۇيغۇرلار ئۇيۇشمىسى) مەكتەپلىرى ۋە نۇقتىلىق مەكتەپلەرنىڭ مۇدىرلىقىغا تەيىنلىدى. ئۇنىڭ ئوغلى مەي خۇەنشىنمۇ يالغاندىن ئاتىسىنىڭ نامى بىلەن يەرلىك ئەمەلدارلارنى ئالماشتۇرۇپ، ئەدلىيە، مەمۇرىيەتكە

ئاربلىشىپ، «ھاكىمىيەتنىڭ ھەيۋىسى بىلەن باشقىلارنى چەتكە قاقتى». ئۇنىڭ بىلەن تىلىنى بىر قىلىۋالغان ھۆكۈمەتنىڭ باش كاتىپى ئەيسا ھەتتا ئۆز مىللىتىدىن بولغان خىيانەتچى ئەمەلدارلاردىن ئۈستىدىن ئەرز قىلىشقا ئاشكارا قارشى تۇردى. بىر ئۇيغۇر ياش كورلىنىڭ ھاكىمى قادىرىنىڭ زۇلمى ئۈستىدە ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتكە ئەرز سۇنغاندا باش كاتىپ ئەيسا ئاق-قارىنى سۈرۈشتە قىلمايلا: «سىلەر مېنىڭ مەقسىتىمنىڭ ئۆز مىللىتىمىزدىن ھاكىم تولۇقلاش ئىكەنلىكىنى كۆرمىدىڭلارمۇ؟ ئەگەر ئۇيغۇر ھاكىملارنى ۋەزىپىدىن قالدۇرۇپ خەنزۇ-لارنى ھاكىملىق ۋەزىپىسىگە قويساق رازى بولامسىلەر؟ بۇنداق قىلغاندا ئۇيغۇرلار قاچان قۇللۇق كىشەنلىرىدىن ئازاد بولىدۇ؟ سىلەر چوقۇم سەممىيەت بىلەن ئىتتىپاقلىشىشىڭلار، ئۆز مىللىتىمىزنىڭ مەنپەئەتىنى قوغدىشىڭلار، نەزىرىڭلارنى يىراققا تاشلىشىڭلار، خەنزۇلارغا ئېغىپ كەتمەسلىكىڭلار ... كېرەك» دەپ ئەيىبلىدى. مەسئۇدلارنىڭ قەلبىدە خەنزۇلارغا قارشى تۇرۇپ خەنزۇلارنى چەتكە قېقىش ھەق-ناھەقنى ئۆلچەيدىغان بىردىن-بىر ئۆلچەم ئىدى.

مەسئۇد سالاھىيىتى بىلەن كارى بولمىدى. ئۇنىڭ سۆز ھەرىكىتى شىنجاڭغا ئېغىر ئاقىۋەتلەرنى كەلتۈرۈپ، پۈتۈنلەي خەۋپ-خەتەر ئىچىدە قالغان شىنجاڭ جەمئىيىتىگە تېخىمۇ زور داۋالغۇش ئېلىپ كەلدى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە مەسئۇد باشچىلىقىدىكى ھۆكۈمەت ئۆزى ئوينىغاندەك بىكىتكەن پرىنسىپلارغا پەرۋا قىلماي، ھۆكۈمەت تارقاتقان «دېموكراتىك سىياسىي» ئۆلچىمىنى باشلامچىلىق بىلەن بۇزۇپ، شىنجاڭ جەمئىيىتىنى تېخىمۇ تەرتىپسىزلىك ۋە قالايمىقانچىلىققا مەھكۇم قىلىپ، سىنىپى زىددىيەتلەرنى تېخىمۇ ئۆتكۈرلەشتۈرۈۋەتتى. بۇ خىل ھالەتكە مەسئۇدنى تەۋسىيە قىلىپ كەڭ قورساقلىق قىلغان جاڭ جىجوڭمۇ بەرداشلىق بېرەلمىدى. 1948-يىلى 10-ئايدا شەخسى سالاھىيىتى بىلەن مەسئۇد ۋە ئەيساغا بىر پارچە خەت يېزىپ، ئۇلارنىڭ ئىغۋا تارقىتىپ ئىش تېرىش، مىللەتلەر مۇناسىۋىتىگە بۇزغۇنچىلىق قىلىش، دۆلەتنىڭ بىرلىكىگە بۇزغۇنچىلىق قىلىش قىلمىشىغا قاتتىق غەزەپلىنىدىغانلىقىنى ئېنىق بىلدۈردى.

مۇشۇ ھالەتلەرنى كۆزدە تۇتۇپ، شىنجاڭ ۋەزىيىتىنى ئۆزگەرتىش

ئۈچۈن جاڭ جىجوڭ ئۆزىنىڭ تەسىرىدىن پايدىلىنىپ، نەنجىڭ ھۆكۈمىتىگە قاتتىق چۈشەندۈرۈپ، مەركەزدىكى مەسئۇدنى قوللايدىغانلارنى قايىل قىلىپ، 1948 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدا مەسئۇدنى شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ رەئىسلىكىدىن قالدۇرۇپ، شىنجاڭدىكى ھەر ساھە قوبۇل قىلالايدىغان ئاز سانلىق مىللەت رەھبىرى بۇرھاننى رەئىسلىككە تەيىنلەشنى تەۋسىيە قىلدى. شۇڭا جاڭ جىجوڭ يەنە مەسئۇدقا مەخسۇس تېلېگراما يوللاپ، «ئارا يولدا ئۆزگىرىش بولغاچقا قاتتىق ھەسرەتلىنىدىغانلىقى»نى، «مەركەزنىڭ ئەمەلى ئېھتىياجنى كۆزدە تۇتۇپ، زۆرۈر تەدبىر قوللانمىسا بولمايدىغانلىقى»نى بىلدۈردى. جاڭ جىجوڭ بۇ يەردە تىلغا ئالغان «ئەمەلى ئېھتىياج» ئۈچ ۋىلايەت بىلەن شۇ ۋاقىتتىكى ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ بۆلۈنۈش ۋەزىيىتىنى تۈگىتىش دېگەنلىك ئىدى. بۇرھاننىڭ رەئىسلىك ۋەزىپىگە تەيىنلىنىشىگە ئەگىشىپ بىر تۈركۈم پانتۈركىزم ئۇنسۇرلىرى ئارقا ـ ئارقىدىن ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇلدى. ئۇلار تەسىس قىلغان گېزىت ـ ژۇرناللارمۇ ئارقا ـ ئارقىدىن توختىتىلدى. مۇنازىرە تەلەپ قىلمايدىغان ھەقىقەتلەر شۇنى ئىسپاتلىدىكى، جاڭ جىجوڭنىڭ بۇ قېتىمقى ئورۇنلاشتۇرۇشى يىراقنى كۆرگەنلىك بولۇپ، شىنجاڭنىڭ تىنچ يول بىلەن ئازاد بولۇشى ئۈچۈن پۇختا ئاساس سېلىنغان ئىدى.

## ئاخىرقى ئۆمرىنى ئېچىنىشلىق ئۆتكۈزۈپ، تۈيۇق يولغا كىرىپ قېلىش

ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ رەئىسلىكىدىن قالدۇرۇلغان مەسئۇد جاڭ جىجوڭنىڭ تەسەللىسىگە قايىل بولماي قاتتىق غەزەپلىنىپ، گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنىڭ ئىراندا تۇرۇشلۇق كونسۇلخانىسىنىڭ باش ئەلچىلىك ۋەزىپىسىنى رەت قىلدى. مەسئۇد داۋاملىق شىنجاڭدا قېلىپ تۈيۇق يولدا مېڭىشنى قارار قىلىپ ئۆزىنىڭ «شەرقى تۈركىستان چۈشى» ئۈچۈن ھالاكەت ئېچىدە تىركەشتى.

مەسئۇد تەختتىن چۈشكەن ۋاقىتتا، جۇڭگو خەلقى ئازادلىق

ئىشلىرىنىڭ مەنزىلى ئىپىق كۆرۈنگەن ئىدى. ئەمما مەسئۇد بۇنىڭغا قەتئىي تەن بەرمەي، جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى قوماندانلىقىدىكى قوشۇن غەربكە يۈرۈش قىلىپ، شىنجاڭ تىنچ يول بىلەن ئازاد بولۇش يولىغا تەدرىجىي ماڭغان ۋاقىتتا بەزى شەرقى تۈركىستان جاھىل ئۇنسۇرلىرى بىلەن بىرلىشىپ، خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ شىنجاڭدا تۇرۇشىغا غالجىرانە قارشى تۇردى.

مەسئۇد شىنجاڭغا قايتىپ كېلىش ھارپىسىدا ئوتتۇرا شەرق خەلقئارا پانتۈركىزم كۈچلىرى بىلەن يوشۇرۇن ئالاقە قىلاتتى. شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ رەئىسى بولغاندىن كېيىن، ئۇ يەنە ئامېرىكىنىڭ ئۈرۈمچىدە تۇرۇشلۇق كونسۇلى باۋماۋشۈننى مۇھاپىزەت كۈنلۈكى قىلىپ ئامېرىكىنىڭ قوللىشىغا تايىنىپ شىنجاڭنىڭ مۇستەقىل بولۇش قەدىمىنى تېزلىتىشكە ئۇرۇندى.

1948 - يىلى 10 - ئايدا نەنجىڭ گومىنداڭ ھۆكۈمىتى شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنى ئۆزگەرتىپ تەشكىللەش خەۋىرىنى تارقاتتى. مەسئۇد، ئىمىنلار باۋماۋشۈن بىلەن مەسلىھەتلىشىپ قارشى تەدبىر تۈزۈپ، گومىنداڭ مەركىزى ھۆكۈمىتىگە: «شىنجاڭنىڭ كوممۇنىستىك پارتىيىنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالماسلىقىغا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن شىنجاڭنىڭ ‹مۇستەقىللىقتىن تۆۋەن ، ئاپتونومىيىدىن يۇقىرى › بولۇشتەك ئالاھىدە ئورنىنى تېزدىن ئېتىراپ قىلىش، ھەمدە قانۇنى شەكىللەر ئارقىلىق شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ ھوقۇقىنى كېڭەيتىش، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت رەئىسىنىڭ گومىنداڭ مەركىزى ھۆكۈمىتىگە ۋاكالىتەن دىپلوماتىيە، ھەربىي ھوقۇق يۈرگۈزۈشكە ھوقۇقلۇق ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلىش» تەكلىپىنى بەردى. ئۇزاق ئۆتمەي جياڭ جيېشى تەختتىن چۈشتى. مەسئۇد باۋماۋشۈننىڭ تەلپى بويىچە لى زوڭرېنغا يېقىنلاشتى. لى زوڭرېن مۇۋەققەت زوڭتوڭ بولغاندىن كېيىن، مەسئۇد دەرھال لى زوڭرېنغا ئالاقە ئەۋەتىپ، سادىق بولىدىغانلىقىنى بىلدۈردى ھەمدە ئامېرىكىنىڭ ئۈرۈمچىدە تۇرۇشلۇق كونسۇلخانىسىنى كېڭەيتىش تەكلىپىنى بېرىپ، لى زوڭرېننىڭ رىغبەتلەندۈرۈش تېلېگراممىسىغا ئېرىشتى. كەينىدىن ئالاھىدە ئىشپىيون، باش بوغالتىر ۋېي شىشىغا كۆرسەتمە بېرىپ، ئۇنىڭ نەنجىڭ گومىنداڭ مەركىزى ھۆكۈمىتىگە كاماندىرووپكىغا چىقىش پۇرسىتىدىن پايدىلىنىپ لى زوڭرېن، خې يىڭچىنگە خەت

ئەۋەتتى؛ باۋماۋشۇن ستۇلپىدىك ئارقىلىق لى زوگرېن، خې يىڭچىنگە ئىككى تەرەپتىن بىردەك قول سېلىپ مەسئۇدنى يۆلەپ ھاكىمىيەت بېشىغا چىقىرىش توغرىسىدا مەخپىي كۆرسەتمە بەردى. لى زوگرېن، خې يىڭچىنلار مەسئۇدنى ئەتىۋارلايدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن بولسىمۇ، ئەينى ۋاقىتتىكى ۋەزىيەتنى كۆزدە تۇتۇپ، پەقەت ھازىرقى ھالەتنى ساقلاپ تۇرىدىغانلىقىنى، كېيىن ئەھۋالغا قاراپ ئىش كۆرۈدىغانلىقىنى بىلدۈرۈشۈپ، ۋېي شىشى نەتىجىسىز قايتىپ كەلدى.

مەسئۇد پىلانلىرى ئىشقا ئاشمىغاندىن كېيىن، غەربىي شىمال ئارمىيە ھۆكۈمەتنىڭ قوماندانى مابۇفاڭغا باغلىدى. مەسئۇد ئەزەلدىنلا خۇيزۇلارنى مۇسۇلمان ھېسابىدا كۆرۈپ باقمىغان بولۇپ، بۇ ۋاقىتتا ما بۇفاڭ بىلەن بىرلىشىشكە ئالدىراپ، ما بۇفاڭنىڭ ھەربىي ئىشلاردا قوللىشى بىلەن شىنجاڭنى جۇڭگودىن ئايرىپ چىقىشقا ئورۇندى . ئاۋۋال ئامېرىكىنى ئېتىراپ قىلدۇرۇپ، ئاندىن ئامېرىكىنى ئوتتۇرىغا چىقىرىپ ئوتتۇرا شەرقتىكى دۆلەتلەر ئارىسىدا ۋاستىچىلىق قىلدۇرۇپ، تېزدىن دىپلوماتىيە مۇناسىۋەت ئورناتماقچى بولدى. بۇنداق قىلغاندا دۆلەت ئىچىدىكى ھاكىمىيەت ئالماشقان تەقدىردىمۇ ئاتالمىش شىنجاڭنىڭ «مۇستەقىل دۆلەت» ئىكەنلىكىدىن ئىبارەت بېكىتىلگەن پاكىتنى ئۆزگەرتمەك قىيىن ئىدى. شۇڭا مەسئۇد، مۇھەممەت ئىمىن، ئەيسالار باۋماۋشۇن بىلەن يەنە ئۇچرىشىپ، كونكرېت لاھىيىنى مەسلىھە ـ تلىشىپ، مۇھەممەت ئىمىننى خوتەنگە قايتۇرۇپ مۇستەقىل شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت تەشكىللەش، ئاندىن ئەيسانى لەنجۇغا ئەۋەتىپ، مابۇفاڭغا بايراق تەقدىم قىلىپ سەممىيىتىنى بىلدۈرۈپ، مۇناسىۋەتنى كۈچەيتىشنى قارار قىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا يەنە تاۋ سىيۆنىڭ ئورنىغا يې چېڭنى چىقىرىپ، شىنجاڭنىڭ ھەربىي ئىشلىرىغا رىياسەتچىلىك قىلىش، مەسئۇد، مۇھەممەت ئىمىن، ئەيسالار ھۆكۈمەتنى قولغا ئېلىش، ئوسمان «ئۈچ ۋىلايەت»كە تاقابىل تۇرۇشنى پىلانلاپ شىنجاڭنىڭ مۇستەقىللىقى ئۈستىدە ئىزدەندى.

ما بۇفاڭ بالدۇرلا غەربىي شىمالدىكى چېگرا رايون ـ شىنجاڭغا چىشىنى بىلەپ تۇراتتى. 1945 ـ يىلى ئاتلىق ئەسكەرلەر 5 ـ كورپۇسىنى شىنجاڭغا يۆتكەشكە قوشۇلدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ شىنجاڭنىڭ كەلگۈسىدىكى شاھمات تاختىسىنىڭ بىر تال ئۇرۇقى بولۇپ قالدى.

1949 ـ يىلــــى غەربــــى شــــىمالنىڭ ئــــارمىيە مەمــــۇرىي ھوقــــۇقىنى ئۆتكۈزۈۋالغانــدىن كــيىن شــىنجاڭنى باشــقۇرۇش قــارا نىيىتــى يەنىمــۇ كۈچەيدى. مەسئۇد ھەربىي ئىشلاردا ما بۇفاڭنى ھۆرمەتلەپ، قەلبلىرىنــى مۇستەھكەم تۇتاشتۇرۇپ، تېزدىن بىرلىششنى ئۈمىد قىلاتتــى. مـا بۇفـاڭ چەتئەلدىن ئامېرىكا قوللىسا، دۆلەت ئىچىدە غەربى شىمال مۇسۇلمانلىرى تۇرسا، يەنە كېلىپ ئۆزىنىڭ ئارمىيىسى بولغاچقا ئارزۇسىنىڭ رىياللىققا ئايلىنىشــىدا زور ئۈمىــد بــار دەپ قــارايتتى. شــۇڭا ئــۇ مەســئۇدلارنىڭ ھۆرمىتىنى قوبۇل قىلىپلا قالماستىن يەنە شىنجاڭدىكى ئاتلىق ئەسكەرلەر 5 ـ كورپۇســىغا مەسئۇدلار ئۈچۈن «ئۇيغۇر ياشلارنى مەشىقلەندۈرۈش كۇرسى» تەشكىللەپ، ئاتلىق ئەسكەرلەر 5 ـ كورپۇس ئىشچى ـ ئەسكەرلەر لىيەنى دەپ نام بېرىپ، مەخپىي مەشىقلەندۈرۈش توغرىسىدا يـول ـ يورۇق بەردى. بۇنىڭ بىلەن ما بۇفاڭ ماختىنىپ: «شىنجاڭ قولۇمدا، شــىنجاڭدا ئارمىيەم بار، شىنجاڭلىقلار مېنىڭ گېپىمنــى ئاڭلايــدۇ، چۈنكى ئۇلارنىــڭ ھەممىسى مۇسۇلمانلار» دەپ پو ئاتتى.

بۇنىڭدىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، مەسئۇد قاتارلىق بىر تۈركۈمــدىكىلەر گومىنــداڭنىڭ ئېغىــر مەغلۇپ بولغانلىقىــدەك پۇرســەتتىن پايدىلىنىپ، جاھانگىرلارنىڭ بىۋاستە قوللىشى ئاستىدا شىنجاڭنىڭ تىنچ ئازاد بولۇشىغا قارشىلىق كۆرسىتىپ، ۋەتەننى پارچىلاش، مۇستەقىللىقنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا ئورۇندى . ئەمما بۇ ۋاقىتتا پۈتۈن جۇڭگونىـڭ ئىنقىلاب ۋەزىيىتى ئۇلارنىڭ شىرىن چۈشىگە يول قويمايتتى. جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى زور قوشۇنىنىڭ بېسىمى ئاستىدا، گومىنــداڭنىڭ شــىنجاڭدىكى ئارمىيە مەمۇرىيىتى ئىچكى قىسمىدا ئىككى لاگېرغا بۆلۈنۈپ، مۇتلەق كۆپ ساندىكىلىرى تارىخ ئېقىمىغا بويسۇنۇش، تىنچلىقنــى ئىشقا ئاشۇرۇشــنى تەشــەببۇس قىلــدى. چۈشــىنىڭ رىياللىققا ئايلىنىشــىغا كــۆزى يەتمىگەن ئىمىن، ئەيسا قاتارلىقلار شىنجاڭ تىنچ يول بىلەن ئازاد بولۇش ھارپىسىدا گومىنــداڭ ئارمىيىســى مەمۇرىيىتىــدىكى جاھىــل ئۇنســۇرلارغا ئەگىشــىپ، جەنــۇبى شــــىنجاڭ ئــــارقىلىق چېگرىــــدىن قــــاچتى. ئــــارمىيە مەمۇرىيىتىــدىكىلەرنىڭ مــۇتلەق كــۆپ ساندىكىســى تەيۋەنگە بېرىۋالــدى. ئىمىن، ئەيسا قاتارلىقلار چەتئەلگە قېچىپ، بۆلگۈنچىلىك پائالىيەتلىرىنى داۋاملاشتۇردى.

مەسئۇد قىچىشقا تەييارلىق قىلغان بولسىمۇ، يېشىنىڭ چوڭىيىپ قالغانلىقى ۋە كېسەل سەۋەبىدىن ئەمەلگە ئاشمىدى. جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى شىنجاڭغا كىرگەندىن كېيىن ئىزچىل ئۆيىدە ئارام ئېلىپ، بىر مەزگىل تىنچ ـ خاتىرجەم ياشىدى. سالامەتلىكى ياخشىلانغاندىن كېيىن كوممۇنىستىك پارتىيىدىكىلەرنى چېكىپ باقماقچى بولۇپ، قايتا ـ قايتا ئويلانغاندىن كېيىن ئۇ ئۆزى باشلامچى بولۇپ، خەلق مەيدانىنىڭ شىمالى تەرىپىگە جايلاشقان غەربىي چوڭ بىنا (هازىرقى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم تۇرۇشلۇق جاي) غا بېرىپ قوماندان ۋاڭ جېنغا ئۆزى بۇيرۇتۇپ ياساتقان بىر جۈپ تۆزلانغان غازنى سوۋغا قىلدى. ئەينى ۋاقىتتىكى غەربىي چوڭ بىنا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزى كومىتېتى شىنجاڭ شۆبىسىنىڭ ئىش بېجىرىش ئورنى بولۇپ، شىنجاڭدىكى ئەڭ ئالى ھەربىي مەمۇرىيىتى قوماندانلىق ئورگىنى ئىدى. پوست تەسىس قىلىنغان بولسىمۇ تۈزۈم قاتتىق ئەمەس ئىدى. مەسئۇدنىڭ كېلىش مەقسىتىنى سورىغاندىن كېيىن ئۇنى كىرگۈزدى. كېيىن ئۇنىڭ ئامېرىكا كونسۇلخانىسى ۋە گومىنداڭ جۇنتۇڭ ئالاھىدە ئىشپىيونلىرى بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ، شىنجاڭنىڭ تىنچ ئازاد قىلىنىشىغا بۇزغۇنچىلىق قىلىش جىنايىتى ئاشكارىلانغانلىقى ئۈچۈن 1951 ـ يىلى 4 ـ ئايدا قولغا ئېلىنىپ، 1952 ـ يىلى تۈرمىدا كېسەللىك سەۋەبى بىلەن ئۆلۈپ، ئۇنىڭ «شەرقى تۈركىستان چۈشى» ئۇزۇل ـ كېسىل بەربات بولدى.

مەسئۇد كىچىك ۋاقتىدا ناھايىتى ئەقىللىق بولۇپ ئوقۇش نەتىجىسىمۇ ياخشى ئىدى. ئىلىم يولىدا داۋاملىق ئىزدەنگەن بولسا بىر ئەۋلاد داڭلىق دوختۇر ياكى خەلققە بەخت يارىتىدىغان مەشھۇر ئالىم بولالايتتى. ئەمما ئۆگەنگەنلىرىنىڭ ھەممىسىدىن ۋاز كېچىپ، خەلققە قالايمىقانچىلىق، مۈشكۈلات ئېلىپ كېلىدىغان، ئايىغى چىقمايدىغان يولدا ماڭدى. ۋەتەن ۋە خەلق ئۇنىڭغا پۇرسەت بەرگەن بولسىمۇ ئەمما ئۇ باشتىن ئاخىر توغرا يولغا قايتماي، بۇ تۇيۇق يولدا جاھىللىق بىلەن ئىزچىل مېڭىپ، ئەڭ ئاخىرىدا ھەر مىللەت خەلقىنىڭ لەنىتىگە قالدى.

مەسئۇدنىڭ كىشىلىك ھايات يولى ۋە ئاخىرقى ئېچىنىشلىق ئاقىۋەت ئۆزى تاللىغان يولنىڭ ئۇنىڭغا قىلغان سوۋغىسى بولدى ، خالاس.

(تۈگىدى)

مەنبە: ئالىم بىز بىلوگى